ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

# ئىسلام ئىدىيەسى

ھىدايەت نەشرىياتى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئىسلام ئىدىيەسى
ھىدايەت نەشرىياتى

www.azheri.com

# ئىسلام ئەدىبىيەسى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

# الفكر الإسلامي

عبدالرحمن جمال الكاشغري

# مۇقەددىمە

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن...

ئىسلام ئىدىيەسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ ياراتقۇچى ئاللاھ، كائىنات ۋە ئىنسانغا ئالاقىدار ئومۇمىي مەرىپەتلىرىدە يەكۈنلىگەن چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت. ئىسلامنى مەنبە قىلىدىغان بارلىق ئىجتىھادلار، ئەقلىي يەكۈنلەر ۋە كۆز-قاراشلار ئىسلام ئىدىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى ئىسلامنىڭ ۋۇجۇدىيەتكە قارىتا ئومۇمىي كۆز قارىشى ھەققىدە ئىسلامنىڭ قىممەت-قاراشلىرى، مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپال قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇن ھالدىكى ئەقلىي ئىزدىنىشنىڭ نەتىجىسى.

ئىسلام ئىدىيەسى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا قارىتا كۆز-قارىشى ۋە ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. دىنى

چۈشەنچىنى يېڭىلاش ئەقلىنىڭ تەقەززاسى، ھايات زۆرۈرىيىتى ۋە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى.

چۈشەنچىدە يېڭىلىق يارىتىش دىنىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مۇقىملىقىغا زىت كەلمەيدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىنىڭ يېڭى مەيدان ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارغا تەسىرىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى يولى. دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ئاساسلىرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغانلىقىنىڭ كېپىلى.

ئىجتىھاد قىلىش ئىدىيە (پىكىر)، پوزىتسىيە، ئىش-ھەرىكەت ۋە ھاياتنى يېڭىلاشتۇر. شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىش چۈشەنچىنى توغرىلاش، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ۋە يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان قىيىنچىلىقلارغا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەل قىلىش چارىلىرىنى يەكۈنلەشتىكى ئىجتىھادتۇر.

تەپەككۇر قىلىش ئىسلامدىكى پەرز ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىھاد قىلىش ھايات زۆرۈيەتلىرىنىڭ قاتارىدىن. قاتماللىق ۋە بىكىنمىچىلىككە مايىل بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ ھاياتى توغرا ماڭمايدۇ. شەرىئەت ئۆلچەملىرى، ئىسلامنىڭ پرىنسىپ، قىممەت-قاراش ۋە

يولىيورۇقلىرىغا ئۇيغۇن ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا جەمئىيەت تەرەققى قىلمايدۇ.

ئىسلامنىڭ پرىنسىپى، مەقسەتلىرى ۋە مەدەنىيىتى ئىچىدە ئىسلام ئىدىيەسىنى يېڭىلاشتىن مەقسەت دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىجتىهاد قىلىش دېمەكتۇر. ئىجتىهاد (ئىزدىنىش) قىلىش يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئىجتىهاد قىلىش دىنى چۈشەنچىنى يېڭىلاش، دىنىنىڭ كۆرسەتمە ۋە مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش، پرىنسىپلىرىغا قارىتا ئەمەل قىلىش، دىنى ئىشلارنى يېڭىلاش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئىنسانىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە هاياتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپال ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، يىلتىزغا باغلىنىدۇ، مىراسىدىن ئىلھام ئالىدۇ، بۈگۈننى ئۆتمۈشكە باغلايدۇ، ئىلگىرىكىسىگە تۇزكورلۇق قىلماي قوشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت مىراسىنى گۈللەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىكى پايدىلىقىنى سۈزۈپ ئېلىپ، پايدىسىزنى تاشلايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە زىت هالدا يېڭىلىق پەيدا قىلىدىغان ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئېقىملارنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى كۆپ

بولىدۇ. ئېتىقاد، چۈشەنچە، ئىستىل ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە ئوتتۇراھاللىق مېتودىغا تايانغان ئېقىم ئۆلچەملىك يېگىلىق يارىتالايدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى قۇرئان كەرىمگە تايىنىپ چىقىرىلغان ئىسلام چۈشەنچىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى بىلىشتىكى ئىجتىهادى. ئىسلام ئىدىيەسى خالىس ئەقىلنىڭ ئەمگىكى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام مىراسى بىلەن ئەقلى ئەمگەكنىڭ بىرلەشمە نەتىجىسىدۇر. ئىسلام ئىدىيەسى ئىنسان ئەقلىنىڭ ئەمگىكى بولغاچقا بەزىلەردىن خاتالىق كۆرۈلىشى مۇمكىن. بەزى مەسىلىلەر ۋە كۆز-قاراشلاردا بەزىلەردىن خاتالىق يۈز بېرىپ قالسا، ئۇ ئىسلامنىڭ خاتالىقى ئەمەس، توغرا چۈشىنەلمىگەن ۋە ئەقلىنى توغرا ئىشلەتمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقىدۇر.

ئىسلام ئىدىيەسى ئىسلامنىڭ نەزەرىيە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، ئىسلام پىقھىسى ئىسلامنىڭ ئەمەلىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

2014- يىل

مىسىر، قاھىرە شەھىرى.

# ئىسلام ئىدىيەسى

مۇسۇلمانلار ھازىر مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇشكۇل شارائىتنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇنى بىر ئەسىر داۋام قىلغان مەدەنىيەت ئازغۇنلىقىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى ھېسسىياتچان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنى رىئاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھۆججەتنى شەرىئەتنىڭ ئومۇمى مەقسەتلىرى ۋە ھايات ھەقىقەتلىرى ئاساسىدا چۈشىنىدىغان مېتود ئاساسىدىكى قائىدىگە سېلىش لازىم.

مېنىڭچە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى كۆپلىگەن كىرزىسلەر ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىلەر خەرىتىسىنىڭ ئوچۇق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

## (1)
## ئىسلام ئىدىيەسى

ئىسلام ئىدىيەسى: مۇسۇلمانلار تەپەككۇر قىلىدىغان مېتود ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا قارىتا چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت.

ئىسلام ئىدىيەسى: مۇجتەھىد، شەرئى دەلىل- پاكىت ۋە رېئاللىقنىڭ ماسلىشىش جەۋھىرى. مانا بۇ ئىسلامنىڭ نەزەرىيە قىسمى.

ئىسلام ئىدىيەسى بولسا مۇجتەھىدنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسى، شۇڭا توغرىلىقى نىسپىلىككە ئىگە. ئۇ ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇ قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلىدۇ.

يەنى مۇجتەھىد (مۇتەپەككۇر)نىڭ ئايەت ۋە ھەدىسكە قارىتا چۈشەنچىسى ئىسلامنىڭ ئۆزى ئەمەس. چۈنكى ئايەتنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى، مۇتەپەككۇرنىڭ ئەقلى قۇۋۋىتى ۋە شارائىتى ئايەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى نىسپى قىلىپ قويىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنى مۇتلەق توغرا ۋە ئۆزگەرمەس خەلقئارالىق دىندۇر. شۇڭا ئۇ بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ دىنى، ھاياتقا تەۋە بولغان ھەر قانداق ساھەگە ئارىلىشالايدۇ. شۇنداقلا ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ

قېلىش بىلەن بىرگە ھەر قانداق يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان ئەۋرىشىملىكە ئىگە دىندۇر.

ئاللاھ ئەقىلنىڭ تەپەككۇر قىلىش دائىرىسىنى كەڭرى قىلىپ بەرگەن. ئىسلام ئەقىلدىن ھايات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىنىنىڭ ئاساسلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قىممەت-قاراش كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن تۈزۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

ئەقىل ئىسلام دىنىدا يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە. ئىسلام ئەقىلدىن شەرىئەتنىڭ بەش تۈرلۈك زۆرۈر مەقسەتلىرى(دىن، جان، ئەقىل، ئابروي ۋە مال-مۈلكنى قوغداش)، كائىنات قانۇنىيەتلىرى، بىلىم-مەرىپەتنىڭ كەسكىن ھەقىقەتلىرىنى تونۇش، شۇنداقلا دىننى چۈشىنىش قائىدىلىرىنى بىلىش ئارقىلىق ئىسلام خىتابنامىسىنىڭ يوللىرىنى ھېس قىلىشتەك قائىدە پرىنسىپ ئاساسىدا ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا يول قويىدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىرگە پەيدا بولغان. ئىسلام ئىدىيىسى بولسا ئىنسانىنىڭ ئىسلامغا قارىتا چۈشەنچىسى بولغاچقا، توغرا ياكى خاتا بولۇش ئېھتىماللىقى بار نىسپىلىككە ئىگە.

دېمەك، تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش شەرىئەت بەلگىلىگەن پەرز ۋە رېئال زۆرۈرىيەتتىن ئىبارەت.

## (2)
## ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ مەنبەلىرى

ئىسلام ئىدىيەسى مۆجتەھىد ۋە ئالىملارنىڭ ئەقلىي يەكۈنى. ئۇ سىستېمىلىق مېتودقا ئىگە. مۆجتەھىد ئىسلام مەنبەلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلمىسا ۋە شەرىئەت پرىنسىپلىرىغا ئېسىلىپ ماڭمىسا ئىسلامنىڭ ئالىمى دەپ قارالمايدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ مەنبەسى بار:

1.نەقىل: قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىف

نەقىل دېگىنىمىز: ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس.

2.ئەقىل (ئىجتىھاد).

3.تەجرىبە.

1.قۇرئان كەرىم: رەسۇلۇللاھ ئۈممەتكە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئىدىيىۋى ۋە فىقھىي ئىزدىنىشنىڭ

مەنبەلىرىنى«قۇرئان، ھەدىس شەرىف ۋە ئەقىل» دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.(ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

مەيدان، كەسىپ ياكى ئالىم قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئىسلام تەسەۋۋۇرىنى شەكىللەندۈرۈشتە ھەر قانداق بىر تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى مەنبەسى قۇرئان بولىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاساسى قائىدە، پرىنسىپال تۈزۈم ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

قۇرئان كەرىم ئەقىل، تەپەككۇر، ئىزدىنىش، تەتقىقات... مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتقان. قۇرئاننىڭ قايسى بېتىنى تەكشۈرسىڭىز تەپەككۇر، ئىزدىنىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە نەزەر تاشلاشقا تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايسىز.

قۇرئان كەرىم تەرەققى قىلىش ۋە ئارقىدا قېلىش، كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق، بىرلىك ۋە بۆلۈنۈش، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولىشى ۋە زاۋال تېپىشى...غا ئالاقىدار ئىشلاردىمۇ تەپەككۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. قۇرئان كەرىم نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەقلى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. ئۆزگىرىشچان تارماق مەسىلىلەرنى

قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى روھى ئاساسىدا ئىجادىيەت يارىتىدىغان ئىزدىنىش ۋە ئىجتىھادقا چاقىرغان.

2. **ھەدىس شەرىف**:ھەدىس شەرىفمۇ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھەدىس شەرىف مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان ئايەتلىرىنى» ئويلىنىش ئىچىدە ئوقۇشقا، ئاللاھنىڭ «كائىناتتىكى ۋە ئىجتىمائىي قۇدرەتلىرىنى» تەپەككۇر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.
ھەدىس شەرىف قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىشنىڭ ۋە ئۇنى رېئاللىققا باغلاشنىڭ ئەمەلىي مېتودى.
چۈنكى ئۇمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي ۋەھىي. ھەدىس قۇرئاننىڭ ئىخچام تېمىلىرىنى بايان قىلىدۇ، روشەن بولمىغان تەرەپلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، ئومۇمىي كەلگەن ھۆكۈمنى دائىرە ئىچىدە روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ھەدىس شەرىپ ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى.

3. **ئەقىل (ئىجتىھاد)**: ئىنسانلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئىنسانلارغا قۇرئان چۈشۈرۈپ بەردى ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىزاھلاپ بەردى. ئايەت-ھەدىسلەرنى رېئاللىققا تەتبىقلاش مۇجتەھىد ۋە ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسى

بولغانلىقتىن، ئۇلار شەرىئەتنى چۈشەنمەسە تەتبىقلىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ دىنىنى چۈشىنىشنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئايەت-ھەدىسنى رېئاللىقتىكى يېڭى مەسىلىلەرگە تەتبىقلاش ئۈچۈن رېئاللىقنى ياخشى چۈشىنىش لازىم. دەلىل كەلمىگەن مەسىلىلەرگە ھۆكۈم ئېلىشتا شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، ئاساسلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە تايىنىشى كېرەك. ئايەت-ھەدىسنى جايىدا چۈشىنىش، رېئاللىقنى ئۆز ماھىيىتىدە تونۇپ يېتىش ۋە دەلىلنى رېئاللىققا تەتبىقلاش ئالىملارنى يۈكسەك مۇقامغا كۆتىرىدۇ. ھېكمەت قۇرئاندا بايان قىلىنغان بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەقىلنىڭ ھەرىكىتىگە سىزىپ بەرگەن مىتودىدىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنىنىڭ رېئال دىن ئىكەنلىكى مۇجتەھىد مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئارىسىدىكى شەخسى پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بارلىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەقىلنى ئىستىمال قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە تەشەببۇس قىلغان. شەرئى ھۆكۈمنى ئېلىش جەريانىدا مۇتەپەككۇرلاردا قىسمەن خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ

مۇتەپەككۇرلار ۋە مۇجتەھىدلەر خاتالىشىپ قالامدىمەنكى دەپ ئەنسىرەپ تەتقىقات ئېلىپ بارماسلىقى ياكى بىرسى يەنە بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ دىيانىتىگە تۆھمەت نەزەرى بىلەن قارىشى توغرا بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئادەمگە «ئىككى ھەسسە ساۋاب» بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن تەتقىقاتچى بولسا«بىر ھەسسە ساۋاب» دەپ مۇجتەھىد ۋە ئالىملارغا دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور مۇكاپاتنى ئېلان قىلغان. مۇتەپەككۇر قايسى مەيداندا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ ماڭسا، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلسا بۇ خىل مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىسى ئايانكى مۇتەپەككۇرنىڭ ئىجتىھاد ۋە تەپەككۇر نەتىجىسى بولغان ئىسلام ئىدىيىسى ئىسلامنىڭ ئۆزى ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىش نىسپى ئىش بولغاچقا، توغرا ۋە خاتالىق ئېھتىمالى مەۋجۇد.

ئىسلام ئىدىيەسى مۇتەپەككۇرنىڭ ئەقلىدە ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ رىئاللىق بىلەن ماسلىشىشىدىن ئىبارەت. دېمەك، مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنسانلىق

تەبىئىيىتى، مەرىپەت سەۋىيىسى، شارائىتى، چۈشىنىش مېتودى ۋە رېئاللىقا قاراش نۇقتىلىرى ئەكس ئېتىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئىدىيەسى ۋە ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئىنسانىڭ ئەقلى ئەمگەك ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ خاتالىقتىن خاتا بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر ئارىسىدىمۇ بىر قانچە ئىدىيىۋى ۋە فىقھى ئېقىملار شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئابدۇللاھ ئۆمەر ئېھتىيات ئېقىمىنىڭ يېتەكچىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئاسانلاشتۇرۇش ئېقىمىنىڭ يېتەكچىسى، ئابدۇللاھ مەسئۇد ئىككى ئېقىمىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان.

4. **تەجرىبە**:ئاللاھ بارلىق ئىنسانلاردا كۆپلىگەن تەجرىبە ۋە ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ شارائىتى يېتىلدۈرىدىغان ئورتاق تەقسىماتلاردىن بىر قانچىنى پەيدا قىلغان. ھەر بىر جەمئىيەتتە باشقا بىر جەمئىيەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان ئىقتىدار ۋە ئۇستۇنلۇك ئامىللىرىنى ياراتقان. ھەقىقەت شۇكى، قايسى بىر جەمئىيەتتە ھەزارەت قۇياشى نۇر چاچسا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورتاق تەقسىماتنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. (ئىنساني ئورتاقلىق نەزىرىيەسى) دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

ئىسلام ئىدىيىسى خەلقئارالىق ئىدىيە بولۇپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەجرىبىدىن كەلگەن ھەر قانداق ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرگە دەرۋازىسىنى كەڭرى ئاچىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى تەجرىبىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قۇرئاندا:«تەجرىبىلىك ئادەملەردىن سوراڭلار»دەيدۇ.(فۇرقان سۈرىسى، 59-ئايەت). بۇ ئايەت تەجرىبىلىك ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولمىسۇن مۇتلەق تىلغا ئالغان. مۇتەخەسسىس ۋە كەسىپ ئەھلىنى ھۆرمەتلەشكە يول يورۇق كۆرسىتىپ:«بىلمىسەڭلار، ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن سوراپ بىلىڭلار» دېگەن(ئەنبىيا سۈرىسى، 7-ئايەت). بۇ مەسىلىنى نەھل سۈرىسى، 43- ئايەتتە ئەينەن تەكرارلىغان.

دېمەك، ئىسلام باشقىلاردىن پايدىلىنىشقا قىزىقتۇرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار باشقىلارغا ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيەلىرىنى تەتقىق قىلىپ، پايدىلىق دەپ قارالغان نەرسىلەر ئۆزلىرىدە بولمىسا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت قۇرۇلمىسىدىكى بوشلۇقنى تولۇقلايدۇ دەپ قارىغاندا ئۇلاردىن پايدىلانغان.

لېكىن باشقىلاردىن قوبۇل قىلىنغان شەيئى رېئاللىقتا ھەقىقى مەنىپەئەت ئېلىپ كېلەلىسە، ئىسلامنىڭ پرىنسىپال قاراشلىرى بىلەن زىتلاشمىسا ۋە ئىسلامغا قارىشى دىنىي خاراكتېرىنى بىرگە سۆرەپ كەلمىسە قايسى ئورۇن ۋە قايسى دەۋر بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئېلىشقا ۋە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

تارىخ ۋە ھەدىس كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىق ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلىرىدىن پايدىلانغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:«ھېكمەت مۇسۇلماننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى، ئۇنى قەيەردە تاپسا، شۇ يەردىن ئالسا بولىدۇ، دېگەن». ( تىرمىزى رىۋايىتى).

## (3)
## ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام ئىدىيەسى ئىسلامنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئىسلام «مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تەبىئىي تەلەپلىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇپ بېرەلەيدۇ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان رىقابەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلەيدۇ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۆزگىرىشلەرنى سىغدۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىشتىكى كاتتا ئىقتىدارى ۋە ئاجايىپ ئەۋرىشىملىكى بوشلۇقتىن پەيدا بولغان ئەمەس. بەلكى ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ بىر قانچىلىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن هاسىل بولغان.

ئىسلام ئىدىيىسى نەقىل بىلەن ئەقىلنى، ئوتتۇرھاللىق بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى، ئومۇملۇق بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى بىرلەشتۈرگەن.

1. ئىسلام ئىدىيەسى ئىنساننىڭ تەتقىقاتى ۋە ئىجتىهادى بولسىمۇ، بىراق باشقا ئىدىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام ئىدىيەسى ئاللاھ تەرىپىدىن

چۈشكەن قائىدە-تۈزۈملەر، پرىنسىپلار ۋە مەقسەتلەرنىڭ روھى ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، مۇجتەھىد ياكى ئالىملار پرىنسىپال مەسىلىنىڭ يۆلىنىشى ئاساسىدا تارماق مەسىلىلەرگە ئەقلىنى ئىستىمال قىلىدۇ. مەقسەت ۋە غايە يۆلىنىشىدە تۇرۇپ ئۇسۇل-چارىلەردە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ خىل ھالەت يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات ئىمكانىيەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھەر ئەسىردە مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلەرنى ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ ھەر بىر ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ ئۇممەتنىڭ دىنى چۈشەنچىسىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان مۇتەپەككۇرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدۇ، دېگەن».(ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى).

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەدىستە كۆزلەنگەن يېڭىلىق يارىتىش ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپال تەرەپلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىلەرگە مۇناسىۋەتلىك، يەنى كىشىلەرنىڭ دىنى چۈشەنچىسىنى يېڭىلاپ ئەسلى ساپ ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ، دېمەكچى.

ئىسلام ئىدىيەسىدە نەقىل ۋە ئەقىلنىڭ بىرلىشىشى، ئىسلام ئىدىيەسىگە تاكامۇللىشىش

پۇرسىتى ۋە يېڭىلىق قانىتىنى بېرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئۇممەد قىلىنىۋاتقان ھەزارەت يۆلىنىشىگە ئۇچۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2. ئىسلامنىڭ ئوتتۇرھاللىقى: ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. قۇرئان كەرىم بۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئوتتۇرھاللىق تۈرلۈك يەككە پەرقلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلەيدىغان كەڭرى دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرھاللىق ئاسانلىق ۋە قولايلىق سۈپىتى بىلەن تەرىپلىنىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىقى ئىسلام مېتودى ۋە ھەزارىتىگە نىسبەتەن كۆز ئەينىكى ئورنىدا تۇرىدۇ. ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق روھ بىلەن ماددا، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، دىن بىلەن دۆلەت، شەخس بىلەن ئۇممەت، ئىدىيە بىلەن رېئاللىق، ماتېرىيالىزم بىلەن نەمۇنىلىك، مەقسەت بىلەن ۋاستە، ئۆزگەرمەيدىغان مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ئارىسىنى، كونا بىلەن يېڭى ئارىسىنى، ئاساسىي مەسىلە بىلەن تارماق مەسىلە ئارىسىنى، ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىنى، خاسلىق بىلەن خەلقئارالىق ئارىسىنى، ھەق بىلەن كۈچ- قۇۋۋەت ئارىسىنى، ئىزدىنىش بىلەن تەقلىدچىلىك ئارىسىنى، دىن بىلەن پەن ئارىسىنى،

ئومۇملۇق بىلەن خاسلىق ئارىسىنى...
بىرلەشتۈرىدىغان مېتودتۇر.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئومۇمى ئوتتۇراھاللىقى، ساپ-سۆزۈك ئىسلام خاراكتېرى، ئىسلام مېتودىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسەۋۋۇر بەلگىلىرى ئۈچۈن ئەينەكتۇر.

3. <u>ئومۇمىيلىق</u>: ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ۋەھيي بولۇپ، خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋەھيىدىن ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ دۇنياۋى دىن ئىكەنلىكى كۆپ ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ ئەقلى باشقا ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەردىكى ئەۋزەل تەرەپلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

ئىسلام دىنىي ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەر قانداق ساھەسىگە ئارىلىشالايدىغان دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام ئىدىيىسىمۇ دۇنياۋى ئىدىيە. يەنى مۇسۇلمان ئالىملار ئىسلامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ھاياتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە نامايان قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان.

4. ئىنسان زېمىنىنىڭ مەھسۇلاتى بولسا، روھ ئاسماننىڭ مېۋىسى. ئۇنداقتا ئىنسان جىسىم بىلەن روھىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى لازىم. ئىسلام قۇرۇلمىسىدىكى ئىنساننىڭ تەڭپۇڭلىقى ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ باشقا ئىدىيەلەردىن ئۈستۈن

كېلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى. ئىسلام قۇرۇلمىسىدىكى بەدەن ۋە روھنىڭ تەڭپۇڭلۇقى روھ تەلەپ قىلىۋاتقان نەمۇنىلىك ھايات بىلەن بەدەن تەلەپ قىلىۋاتقان رېئاللىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا كېپىل بولىدۇ. شۇنداقلا دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقىمۇ كېپىل بولىدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇق ئارىسىنىمۇ تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. مەجبۇرىيەت بىر ئادەمگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت بولسا يەنە بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھوقۇقتىن ئىبارەت. شۇنداقلا مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇق بىر بىرىنى قوللايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۇرىدۇ.

ئىسلام ئىدىيەسى شەخس بىلەن كوللېكتىپ، غايە بىلەن رېئاللىق، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ مۇۋاپىقىيەت قازانغان.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارغا قارىساق ھەر قايسى تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ئارقىغا قالغان. سەۋەب نېمە؟ سەۋەب: ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئېسىلمىغانلىقىدا، ئىسلام ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئەقىل يۈرگۈزمەي خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىدا. شۇ سەۋەبتىن سۆز بىلەن ھەرىكەت ئارىلىقىدا ئۈزۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئىسلام دىنىدا ئەقىل يۈرگۈزۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىزدىنىش نەپلە (قوشۇمچە)ئىش ئەمەس، بەلكى شەرىئەت كۆرسەتكەن پەرز ۋە رېئال زۆرۈرىيەت.

شۇنى خۇلاسىلاشقا بولىدۇكى، ئىسلام ئىدىيەسى نەقىل بىلەن ئەقىل، ئوتتۇرھاللىق بىلەن تەڭپۇڭلۇق ۋە ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن نۇرغۇن قەۋملەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلىگەن. ئىسلام ئىدىيەسى ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى بىلەن ئەركىنلىكىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدىيەدۇر.

***

# ئىسلامدىكى پرىنسىپال ساھەلەر

**ئۆزگەرمەس ساھەلەر:** ۋەھيي تەكىتلەپ بېكىتكەن، ھەممەيلەن بىلىشكە تېگىشلىك دىنىنىڭ ھالقىلىق پرىنسىپىغا ئايلانغان؛ ۋاقىت، ئورۇن ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسلىرىدىن ئىبارەت.

ئۆزگەرمەس ساھەلەر ئىجتىھاد، ئىزدىنىش تەۋە قاراشلار تايىنىدىغان «ئاساسىي قانۇن» ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان «قىزىل سىزىق» سانىلىدۇ.

**ئۆزگىرىشچان ساھەلەر:** ئەقىل ۋە ئىزدىنىش دائىرىسىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت، ئورۇن، شەخس، شارائىت ۋە ئۆرپ-ئادەتكە قارىتا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەردىن ئىبارەت.

قايسى بىر ئادەم ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە يوليورۇقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلسا، «ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ساھەلەر» دائىرىسىنىڭ «ئۆزگەرمەس ساھەلەر» دائىرىسىدىن ھەسسىلەپ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۆزگەرمەس ساھەلەر دائىرىسى مۇقىم ۋە چەكلىك.

ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىلەر ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىپ تۇرىدۇ.

ئىدىيە ۋە پىقھى دائىرىسى، شۇنداقلا تۇرلۇك دەۋر ۋە ئورۇندىكى ئېقىملار ۋە مەزھەپلەرگە ئىسلامنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت، ئەخلاق ۋە قىممەت-قاراش تېمىلىرىنىڭ ھەجىمىنى سېلىشتۇرساق ئۆزگەرمەس ساھەلەرنىڭ ھەجمى ئاز چىقىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بەزى ئىدىيە ئېقىملىرى - ئۆزگەرمەس ساھەلەر بىلەن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ساھەلەر ئارىسىنى ئايرىيالماسلىق سەۋەبىدىن-ئۆزگەرمەس ساھەلەر دائىرىسىنى رېئاللىقتىن زىيادە كېڭەيتىۋەتكەن. نەتىجىدە كۆپلىگەن تالاش-تارتىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان. يەنە بەزىلىرى ئىسلامنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش باھانىسىدا كۆپلىگەن ئۆزگەرمەس ساھەلەرنى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويغان.

ئۆزگەرمەس ساھەلەرنىڭ دائىرىسىنى قىسقارتىش ھەقىقى مەنىپەئەتكە زىت ھالدا باشقىلارنىڭ ئېقىمىدا ئېرىپ يوقۇلۇپ كېتىش ھالىتىگە باشلاپ بارىدۇ.

ئــــــۆزگەرمەس ســــــاھەلەر دائىرىســــــــنى كېڭەيتىــۋېتىش ئىختىلاپــى مەســىلىلەرنى كىرگــۈزۈپ قويۇشقا سۆرەپ بارىدۇ. نەتىجىدە يېگىلىق يارىتىش ۋە ئــۆزگەرتىش ئېلىـــپ بېـــرىش ھەرىكىـــتىگە توســـالغۇ بولىدۇ.

## (1)

## ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس ساھەلەر رايونى

### 1. ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى:

ئەقىدىنىڭ پرىنسىپلىرى دېگىنىمىز: دىنىنىڭ بىرىنچــــى نــــۇقتىلىرى بولــــۇپ، ئــــۇلار: ئاللاھقـــا، پەيغەمـــبەرلەرگە، ئــاللاھ نازىــل قىلغــان كىتابلارغــا، پەرىشـــــتىلەرگە، تەقـــــدىرگە ۋە ئــــاخىرەتكە ئىمـــان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ ئالتە ئاساسلىرىدۇر.

بـــۇلار ئـــايەت ۋە ســـەھى ھەدىـــس ئـــارقىلىق ئىســـپاتلانغان ئىســـلام ئەقىدىســـىدىكى بـــاش تېمىلار بولـــۇپ ئـــۆزگەرمەس ســـاھەلەردۇر. چـــۈنكى ئەقىـــدە ئىســـلامنىڭ قـــانۇنىي، ســـياســـي، ئىقتىســـادىي ۋە ئەخلاقىـــي قۇرۇلمىســـى تايىنىـــدىغان ئاساســـتۇر. ئـــۇ: ئىنسـان نەدىـن كەلـدى؟ نېمە ئۈچـۈن يارىتىلـدى؟ نەگە

بارىدۇ؟ ئىنسانىنىڭ ئاللاھ، كائىنات ۋە ھاياتلىق بىلەن ئالاقىسى نېمە؟ دېگەن سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ.

ئەقىدە: ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولۇق ۋاقىت چىقىرالىشى ئۈچۈن«مېتافىزىكا(غەيبى) دۇنيا»سىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋەتكەن ۋە جىسىمنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن روھىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاۋاز قوشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئورۇنلاردا ئىمان بىلەن ياخشى ئىش-ھەرىكەت(ئۆزى ۋە جەمئىيەتنى ئىجابىي تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لەرنى بىرگە تىلغا ئېلىنغان.

زامان-ماكان ۋە كىشىلەر قانچىلىك ئۆزگەرسىمۇ، ئىنسان بۇ دائىرىنىڭ دىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مۇھتاج. شۇڭا ئاللاھ ئەقىدە ئاساسلىرىنى قۇرئان كەرىمگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرئاننى ساقلاش ۋە ھىمايە قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. ئىنسان ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق ئورۇندا بۇ ئەقىدە پرىنسىپلىرىغا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ئەقىدە ئاساسلىرى بۇرۇلۇپ كەتسە، ئىنسان توغرا يولدىن چىققان ۋە ھايات مېتودى ئۆزگەرگەن بولىدۇ. بەختلىك تۇرمۇشتىن بەختسىزلىككە، ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇققا،

خاتىرجەملىكتىن خاتىرجەمسىزلىككە ۋە كۈچلۈكلۈكتىن زەئىپلىققا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

ئەقىدە شەرىئەتنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شەرىئەت ئەقىدىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. گۈزەل ئەخلاقمۇ ئەقىدىدىن ۋە ئەقىدىنىڭ تەقەززاسىدىن تارماقلىنىدۇ.

ئەقىدە ساھەسىدىكى ئۆزگەرمەس ساھەلەرگە يەنە:

قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن قوغدالغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ھەدىس شەرىپنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىسلامنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئىسلامنىڭ كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىش، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ مەسۇم (خاتالىقتىن خالى) بولمايدىغانلىقىغا؛ ساھابىلەرنىڭ(تەۋبە سۈرىسى، 100- ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن) دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشمۇ كىرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى پەقەت ئايەت ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىس ئارقىلىقلا ئىسپاتلىنىدۇ. باشقا سەھى ھەدىسلەر بىلەن ئەقىدىنىڭ تارماقلىرى ئىسپاتلىنىدۇ.

## 2. شەرئىئەتنىڭ پرىنسىپال تىمىلىرى

ئىسلام دىنى ھايات ۋە تۇرمۇشقا ئالاقىدار ھەر قانداق مەسىلىلەرنى ئىنتىزامغا سېلىش ئۈچۈن كەلدى. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەر قانداق سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ، ھەر قانداق مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ ۋە ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق نۇقتىنى تەرتىپكە سالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت سانى ئاز بولسىمۇ «پرىنسىپال قائىدە ۋە ئاساسلىق ئۆلچەملەر»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ ئەقلى يۇقىرىقى پرىنسىپال قائىدىلەر ئىچىگە نۇرغۇنلىغان تارماق تەپسىلى ھۆكۈم ۋە مەسىلىلەرنى كىرگۈزەلەيدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم «ئاساسى قانۇن» نى يولغا قويۇپ بەرگەن، مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلەر مۇشۇ ئاساسىي قانۇن ئىچىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھنىڭ:«بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ھالەتتە چۈشۈردۇق» (نەھل 89-ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى مەقسەت يالغۇز مەسىلە كۆزدە تۇتۇلماستىن بەلكى «پرىنسىپال قائىدە، ئاساسلىق ئۆلچەم ۋە غايە-مەقسەتلەر» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى مۇجتەھىدنىڭ تارماق مەسىلىلەرنى پرىنسىپال قائىدىگە، شاخچە

تېمىلارنى ئاساسى ئۆلچەمگە، ۋاستىلارنى غايە-مەقسەتلەرگە باغلاپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

ھۆكۈم ئېلىش پرىنسىپلىرى دېگىنىمىز: شەرىئەتنىڭ ئەمەلىي رېئال ھۆكۈملىرىنى يەكۈنلەپ چىقىدىغان ئاساسلىق پرىنسىپتىن ئىبارەت.

مەسىلەن:«نەرسە كېرەكلەر ئەسلىدە ھالال»، «ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن تەلىمات دىن»، «ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسە ھارام»، «پاك نەرسىلەر ھالال»، «نىجىس ۋە زىيانلىق نەرسىلەر ھارام»، «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە رېئايە قىلىش، ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش» قاتارلىقلار.

شۇنداقلا(نىسا سۈرىسى 6-ئايەتتىن 12-ئايەتكىچە)مىراس تەقسىماتى ۋە (بەقەر سۈرىسى، 221-ئايەتكە ئاساسەن)مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاب بولمىغان غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن توي قىلىسا ھارام بولىدىغانلىقىمۇ قانۇنى جەھەتتىكى پرىنسىپال قانۇنىي مەسىلە قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

مۇتەپەككۇر مۇھەممەد ئابدۇ (ۋاپاتى 1905) دىن غەيرى مۇسۇلماندىن بىرسى: سىلەر قۇرئاندا ھەر قانداق بىر مەسىلىنىڭ جاۋابى بار دەيسىلەر، شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئابدۇ: شۇنداق.

ئاللاھ:«قۇرئاندا ھېچ قانداق بىر مەسىلىنى جاۋابسىز قويمىدۇق»(ئەنئام سۈرىسى، 38- ئايەت) دېگەن دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم: مەن قۇرئاننى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ باقتىم. لېكىن قولۇمدىكى بۇ خالتىغا قانچىلىك نان پاتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ھۆكۈمنى ئۇچراتمىدىمغۇ؟! دېگەندە، مۇھەممەد ئابدۇ: جاۋابى قۇرئاندا بار، لېكىن سەن دىققەت قىلماپسەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم: قۇرئاننىڭ قەيىرىدە بار؟ دىسە، مۇھەممەد ئابدۇ: مەن بىلەن بىرگە ماڭ، دەپ ناۋاينىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. مۇھەممەد ئابدۇ ناۋايدىن: ئۇستام بۇ خالتىغا قانچە نان پاتىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم مۇھەممەد ئابدۇنىڭ سۇئالىدىن ھەيران قاپتۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئابدۇ ھېلقى كىشىگە:«بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن سوراڭلار»(نەھل سۈرىسى 43- ئايەت) دېگەن ئايەتكە دىققەت قىلماپسەن دەپتۇ.

ناۋاي بۇ مەسىلىدە تەجرىبە ئەھلى، كەسىپ ئەھلى ۋە مۇتەخەسسىس. بۇ ئايەتنىڭ دائىرىسىگە تۇرمۇشتا يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام مۇشۇ ئارقىلىق ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ-كىچىك مەسىلىنىڭ ھەممىسىنى نىزامغا سالىدۇ.

مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى ۋە ياشىغان جەمئىيىتىنىڭ شارائىتى ئوخشىمىغانلىق سەۋەبىدىن ئىجتىھاد، ئىزدىنىش ۋە كۆز قاراشمۇ تۈرلۈك بولىدۇ. ئىجتىھاد، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىنى بۇيلاپ ۋە مەقسەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ماڭىدىكەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇدۇر.

قۇرئان، سۈننەتتە ئېنىق قىلىپ ھالال-ھارام دەپ كەلگەن مەسىلىلەرمۇ ئۆزگەرمەس ساھەگە مەنسۇپتۇر. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئالماشتۇرۇلىشى، يوق قىلىۋېتىلىشى ياكى قوشۇپ قويۇلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئالىملار ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتتە خىلاپلىق قىلسا بولمايدىغان پرىنسىپال قائىدىلەرنى يەكۈنلىگەن. مەسىلەن:«ئۆزگە ۋە باشقىلارغا زىيان سالماسلىق»، «زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «قىيىنچىلىقتا ئاسانلىقنى ئاساس قىلىش»، «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلانى ۋاقىتلىق دۇرۇس قىلىدۇ»، «زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن تۇرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قائىدىلەرنى شەرىئەت قۇرۇلمىسىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ پرىنسىپلاردىن ھەر بىر پرىنسىپ نۇرغۇنلىغان مەسىلە ۋە ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. ئىبادەتنىڭ ئاساسلىرى:

ئىبادەتنىڭ ئاساسلىرىمۇ پرىنسىپال ساھەلەرنىڭ قاتارىدىن.
ئىبادەتتىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمايدىغان نۇقتىلار:ئىلاھىي ۋەھىي ئېنىق دەلىل ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن؛ ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىشكە بويسۇنمايدىغان؛ ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلار... مەسىلەن: ناماز، زاكات، روزا، ھەجنىڭ پەرزلىكى توغۇرلۇق كەلگەن ئايەت-ھەدىسلەر. ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجنىڭ مەقسەتلىرى ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىشكە بويسۇنمايدىغان پرىنسىپال مەسىلە بولۇپ، تەرەققى قىلدۇرۇش باھانىسى بىلەن ئۆزگەرتىشكە بويسۇنمايدۇ.
شۇنداقلا زىنا قىلىش، تۆھمەت چاپلاش، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال مۈلكىنى

قاقتى سوقتى قىلىش، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆلۈپ قالغان نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يېيىش ۋە چوشقا گۆشىنى يېيىش... كەسكىن ھارام تەۋەسىگە كىرىدىغان پرىنسىپال نۇقتىلاردىن ئىبارەت.

## 4.ئەخلاق پرىنسىپلىرى:

ئەخلاق پرىنسىپال مەسىلە بولۇپ، ھەر بىر ئەخلاق تۈرمۈش مېتودىنى تەمسىل قىلىدۇ. ئەخلاق پرىنسىپلىرى-ئايرىم ھالەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا-ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەخس ئۆزگەرسىمۇ ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.
ئىلمىي تەرەققىيات ۋە ماددىي ئىلگىرىلەش ئىسلام ئەخلاقىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. مەسىلەن: تەقۋا بولۇش، توغرا يولدا مېڭىش، ئادالەتنى ياقلاش، ياخشىلىق قىلىش، نەپسىنى پاكلاش، ھايا قىلىش، كەمتەر بولۇش، سېخى بولۇش، راستچىل بولۇش، ئامانەتكە ۋاپا قىلىش، كەڭ قورساق بولۇش، ئۆزىنى ئىززەتلىك تۇتۇش ۋە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار.
يەككە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ

قىممەت-قاراشلار قايسى بىر جەمئىيەتتىن يوقۇلۇپ كەتسە، بۇ جەمئىيەت ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ. ئۇ چاغدا جەمئىيەتنى مەغرۇرلۇق، بېخىللىق، يالغانچىلىق، خىيانەت ۋە خورلۇق... بېسىپ كېتىدۇ.

## 5. مەقسەت ۋە غايىلەر:

ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، شەرىئىتى ۋە پرىنسىپلىرى ئارقىلىق «بەش تۈرلۈك مەقسەت»نى نىشان قىلىدۇ. ئۇلار: «دىننى قوغداش، جاننى قوغداش، ئەقىلنى قوغداش، ئابروينى قوغداش ۋە مال- مۈلۈكنى قوغداش»تىن ئىبارەت.

ئىسلامنىڭ كۆرسەتمە ۋە يوليورۇقلىرى مۇشۇ مەقسەتلەرنى قوغداش ۋە ئاسراش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. بۇ مەقسەتلەر ئاللاھنىڭ مەقسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق دەلىل-پاكىتلار بىلەن كەلگەن(مۆتەھەننە سۈرىسى، 12-ئايەت).(ئەنئام، 151-153- ئايەت).

ئىسلامنىڭ مەقسىتى: مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش، زىيانغا قارشى تۇرۇش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. شەرىئەت بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مەنپەئەت بار. شەرىئەت توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە زىيان بار.

شەرئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە سەل قاراش مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت كارۋىنىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئىسلام فىقھىسىنىڭ تۇرغۇن ھالەتكە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئاساسلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## 6. ئىنسانىيەت خاراكتېرىدىكى ئورتاق تەقسىماتلار:

ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى يەككە پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان رېئال بىر دىن. ئىسلام يەككە پەرقلەر بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورتاق تەقسىماتلارنى ئايرىپ قارايدۇ.

ئىنسان ماھىيىتى، تەبىئىيتى، خۇسۇسىيەتلىرى، كەمچىللىكلىرى، سۈپەتلىرى، قىممەت-قاراشلىرى، قىزىقىشلىرى ۋە ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىدا ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشىلەر ئاساسىدا ئورتاق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بولىشى تەبىئىي.

مەسىلەن، بەدەنگە ئالاقىدار ئېھتىياجلار ۋە ئاغرىق-كېسەللەر، شۇنداقلا كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلار

ۋە كۆڭۈل ياقتۇرمايدىغان دەرد-ئەلەملەر ئەزەلدىن تارتىپ ئوخشاش بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق.

ئىنسانلار ئاساسلىق ئېھتىياجلىق ئىشلار، ئەقىل، ئاساسلىق ئەخلاق، ئىگىدارچىلىق، ھۆرمىتىنى قوغداش، ئەركىنلىك، بىلىم-مەرىپەت ۋە خىزمەت قىلىش ھوقۇقلىرىدا ئورتاق.

ئىنسانلار ئارىسىدا بەزى پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئورتاقلىقنىڭ بولىشى تەبئىي ئەھۋال. تارماق مەسىلىلەردە كۆز قاراشنىڭ ئوخشاشماسلىقى نورمال ئىش. يۇقىردا تىلغا ئېلىنغان بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتتە بارلىق ئىنسانلار ئورتاق.

مەسىلەن، ئىسلامدىكى جىنايى ئىشلار جازالىرى مۇقىملىق بىلەن ئۆزگىرىشنى بىرلەشتۈرىدۇ. قايسى بىر ئىش(جىنايەت) مۇقىم خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ۋاقىت، ئورۇن ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان بولسا، ئاللاھ بۇنىڭ جازاسىنى مۇقىم جازا قىلىپ بەلگىلىدى. ئالتە تۈرلۈك جازا ئۆزگەرمەس پرىنسىپال مەسىلىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

باشقا جىنايەتلەر ئۆزگىرىشچان دائىرىگە كىرىدۇ. بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھۆكمى شارائىت ۋە

خاراكتېرىگە قارىتا مۇپتى(پەتىۋا بەرگۈچى)، مۇجتەھىد، قازى ۋە ھاكىمنىڭ ئىزدىنىشى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ.

## 7.كەسكىن بىرلىككە كېلىنگەن(ئىجما) مەسىلىلىرى:

«ئىجما» دېگەن:ئالىملار ئارىسىدا دەلىل-پاكىت ئاساسىدا ئىتتىپاقلىققا ۋە بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە.

ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى: ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا كەسكىن بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولسا قانۇن چىقىرىش مەنبەلىرىنىڭ بىرسى بولۇشقا يارايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە ئايەت ياكى سەھى ھەدىسكە تايىنىدۇ.

مەسىلەن: ھەر زامان مۇسۇلمان ھاكىمنى تىكلەشنىڭ پەرزلىكى، پىتنە-پاساتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانۇنى بوشلۇقنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنىڭ ھاراملىقى، زۇلۇم قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئىنساننى كېلون تېخنىكىسى ئارقىلىق كۆپەيتىشنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش.

كەسكىن بولمىغان «ئىجما» ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. كەسكىن بولمىغان

«ئىجما»نى دەۋا قىلىپ مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى توسۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، مۇجتەھىد ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم ۋە شاتىبى ئىجتىھاد ۋە تەتقىقاتلىرى سەۋەبىدىن كۆپ تۆھمەتكە ئۇچرىغان. يېقىنقى دەۋردىكى بىر قىسىم ئالىملارمۇ «كەسكىن بولمىغان ئىجما» سەۋەبىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىماقتا.

مانا بۇلار ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى، ئىدىيىۋى، ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىستىلى بىرلىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا مەدەنىيەتكە ئائىلىنىشنىڭ ئاساسلىق قىممەت-قارىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار ئارقىلىق ئىدىيە بۆلگىنىشى، سىكولارىزىم (ئىلمانىزىم) ۋە مەدەنىيەت يوقىلىش خەۋپلىرىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، تەرەققى قىلىش ۋە گۈللىنىش ھەرىكىتى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار روھىي ئاساسىدا بولىشى كېرەك. ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارغا سەل قاراش توغرا يولدىن چەتنەش ۋە بۇرۇلۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

***

# ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشچان رايونلار

ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىلەر «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» دائىرىسىدىن ھەسسە ئارتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ساھەلەر دائىرىسىگە كىرمەيدىغان نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى «ئۆزگىرىش دائىرىسى»گە كىرىدۇ. ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار دائىرىسى چەكلىك، ئەمما ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىلەر چەكسىز بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشى، يۇرتلىرىنىڭ كېڭىيىشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە كىشىلەر ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشچان نۇقتىلارنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ كېڭىيىدۇ.

ئۆزگىرىشچان نۇقتىلار دائىرىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ھۆججەت دائىرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ساھەلەر:

(1). ئىسپاتلىنىشى كۈچلۈك ئېهتىماللىقققا ئىگە بولغان ھۆججەت دائىرىسى.

(2). ئۇقۇمى كۈچلۈك ئېهتىماللىقققا ئىگە بولغان ھۆججەتلەر.

(3). ھۆكۈم ۋە قانۇن چىقىرىش ئىھتىماللىقى كۆچلۈك بولغان ھۆججەتلەر.
(4). ھۆججەتلەرنى رېئاللىققا تەتبىقلاش دائىرىسى.

## ئىككىنچى: ھۆججەت يوق دائىرىدىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ساھەلەر:

(1). ۋاستە ۋە ئۇسۇل-چارە رايونى.
(2). تارماق ۋە شاخچە مەسىلىلەر رايونى.
(3). نىسپىي مەنپەئەت ۋە نىسپىي زىيان دائىرە رايونى.
(4). مەلۇمات ۋە تەجرىبە ئۇستىگە قۇرۇلغان كۆرسەتمە ۋە ئەھكاملار رايونى.
(5). خالىس دۇنيالىق ئىشلار رايونى.

**(1)**

# ھۆججەت دائىرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان نۇقتىلار

## 1. ئىسپاتلىنىشى كۈچلۈك ئېھتىماللىقتا ئىگە ھۆججەتلەر رايونى:

قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق سۈرىلىرى ۋە ئايەتلىرىنىڭ كەسكىن يول بىلەن ئىسپاتلانغانلىقىغا ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان شەك قىلمايدۇ. دېمەك، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بۇ دائىرە بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇ رايون سۈننەت ياكى ھەدىس شەرىپكە ئالاقىدار.

**سۈننەت(ھەدىس):** رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلگەن سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەت ياكى تەستىقلاشتىن ئىبارەت. سۈننەت ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ بېشىدا توپلىنىشقا باشلىغان، سۈننەتنى قوغداشنى ئاللاھ ئالىملارغا تاپشۇرغان. ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزۈم ھىمايە قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەندەك سۈننەتكە ۋەدە بەرمىگەن.

شۇ سەۋەبتىن سۈننەت ئىسپاتلىنىش جەھەتتە كۈچلۈك ئېھتىماللىقتا ئىگە. مۇتەۋاتىر (نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشى ئارقىلىق يالغان سۆزلەشكە ئىمكانىيەت قالمىغان ھەدىس) ھەدىسلا

ئـايەتكە ئوخشـاش كـەسـكـىن ئىشـەنچىلىك ھالـدا بـىـزگـە يېتىپ كەلگەن.

شـۇڭا، ئـالـىملار ھەدىسـنىڭ يېتـىـپ كـېلىش يولىدىكى«ئۈلچەملىك ۋە ئۈلچەمسىز» دېگەن قائىـدىگە ئاساسەن، شۇنداقلا ھەدىسنىڭ تېكىستىنى سىناشتىكى قائىدىسـىگە قارىتـا بەزى ھەدىسلەرنى قوبـۇل قىلىشـتا بىر قانچە خىل قاراشتا بولغان. ئالىملارنىـڭ ھەدىسـنى قوبۇل قىلىش ۋە قوبـۇل قىلماسلىقتىكى قائىدىسـىگە ئاساسەن ھۆكۈملەر تۈرلۈك بولۇپ چىقىدۇ. قايىسى بىـر ئالىمنىـڭ نەزىرىـدە ھەدىسـنىڭ سـاغلاملىقى ئىسپاتلانسـا، ھەدىسـنى سـاغلام ئەمەس دەپ قارىغـان ئالىمنىڭ قارىشىدىن باشقىچە قاراشتا ھۆكۈم چىقىدۇ.

مۇنـداق كـۆز قاراشـنىڭ تۈرلـۈك بولىشـى ئـالىملاردىن ئەگەشكۈچىلەرگە يۆتكىلىـدۇ، نەتىجىـدە ھۆكۈمنى «ئۆزگەرمەس ئەھكاملار رايونى» دىن نەچچە تۈرلۈك بولسا دۇرۇس بولىدىغان«ئۆزگىرىشچان دائىـرە» گە يۆتكىشىدۇ. بۇ يەردىكى قاراشنىڭ نەچچە تۈرلۈك بولىشى بىـر-بىـرىگە زىـت بولماسـتىن، بەلكى بىـر بىرىنى قوللايدىغان كۆزقاراشلاردىن ئىبارەت. چۈنكى ھەر قايىسى كـۆز قـاراش تەرەپدارلىرى ئۆزىنىـڭ دەلىل ئاساسىدا قانائەتلەنگىنىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ، بۇ يەردە بىر

بىرىگە ھۇجۇم قىلىش ياكى بىر بىرىنى ئەقىلسىزلىقتا چىقىرىۋېتىش ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ.

«مۇتەۋاتىر» ھەدىسلەرنىڭ سانى ئاز. سەھى ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇتەۋاتىر يولىدىن تۆۋەنرەك يوللار بىلەن يېتىپ كەلگەن. سەھى ھەدىسلەردىن باشقا «ھەسەن» (ياخشى) ۋە زەئىپ دەرىجىدىكى ھەدىسلەرمۇ بار.

## 2. ئۇقۇمى كۈچلۈك ئېھتىماللىقتا ئىگە ھۆججەتلەر رايونى:

ئۇقۇمى كۈچلۈك ئېھتىماللىق(70% تىن يۇقىرى)قا ئىگە ھۆججەتلەر(ھەدىسلەر)دە تەپەككۇر، چۈشەنچ ۋە كۆز قاراش تۈرلۈك بولىدۇ. چۈنكى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىي بولۇش ئېتىبارى بىلەن-توغرا ياكى خاتا بولۇش ئېھتىماللىقنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ دائىرىدە بىزنىڭ دىيەلەيدىغىنىمىز شۇكى، ئاللاھنىڭ مەقسىتى بىر، ھەر بىر مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇر ئالىم ئاللاھنىڭ مەقسىتىنى بىلىشتە ئەقلى كۈچىنى چىقاردى. ئەگەر ھەر بىر مۇجتەھىد، مۇتەپەككۇر ۋە ئالىم توغرا ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئالالىسا ئىككى ھەسسە ئەجىرگە ئېرىدۇ. بىر ئەجرى ئەقلى كۈچ

چىقارغانلىق ۋە ئىزدەنگەنلىك بولسا، يەنە بىر ئەجرى توغرا ھۆكۈم ئالالىغانلىقتىن ئىبارەت.

ئەگەر ھۆكۈمدە خاتالىشىپ قالسىمۇ، ئەقلى كۈچ چىقارغانلىق ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىق ئېتىبارى بىلەن يەنىلا بىر ھەسسە ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ خاتالىشىپ قالغان كۆز قارىشىدا ئۆزرە قويۇلىدۇ. دۇنيا تارىخىدا ئىجتىھاد، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈنلا مۇنچىۋالا كۆپ ئەجىر بېرىدىغان مۇكاپات پەقەت ئىسلام ئىدىيىسىدىلا مەۋجۇت. ئىسلامدا قائىدە-ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلغان ئىجتىھاد، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنىڭ ئۆزىلا مۇكاپاتقا لايىق ئىش.

ھۆججەتنى چۈشىنىشتىكى تۇرلۇك قاراش، شۇ ھۆججەتكە باغلانغان ھۆكۈمنى «ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر» دائىرىسىگە يۆتكىۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ ئەھۋالدا ھېچ قايسى بىر تەرەپ «مۇتلەق ھەقىقەت» ياكى «مۇتلەق توغرۇلۇق» مەندە، «باشقىلار تولۇق خاتالاشقان»دەپ داۋا قىلسا توغرا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، چۈشەنچىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قارىتا مۇھەببەت ۋە نەپرەت شەكىللەندۈرۈش توغرا ئىش ئەمەس.

بۇ دائىرە كەڭرى بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى كۆپلىگەن ھۆججەتلەر مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. خۇددى

ئـاللاھ تائـالا بـۇ رايونـدا مۇسـۇلمانلارغا كەڭرىچىلىـك بولىشـى ئۈچـۈن چۈشـەنچىلەرنىڭ تۈرلـۈك بولىشـىنى ئىـــرادە قىلغانـــدەك... شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن ســـاھابىلار ۋە تابىئىنلار(كېيىنكى ئەۋلاد) بىر قانچە خىل كۆز قاراشقا ئىگە مەسىلىلەرگە «كەڭرىچىلىك فىقھىسى»(ئۇقـۇمى) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن.

مۇشـۇ رايونـدىكى ھۆججەتلەرنىـڭ خـاراكتېرىگە قوشـــۇمچە، ئىنســـانلارنىڭ خـــاراكتېرىمۇ بـــۇ رايـــوننى كېڭەيتىشـكە يـاردەم بېرىـدۇ. چـۈنكى ھەر قانـداق بىـر جەمئىيەتـتە شـەرىئەتنىڭ مەقسـەتلىرىدىن ئەنسـىرەپ ئېھتىيـــات نۇقتىســـىدىن ھۆججەتلەرنىـــڭ ســـىرتقى ئۇقـۇمى بـويىچە ھۆكـۈم ئېلىشـقا مايىـل بىـر تۈركـۈم كىشـــلەر تېپىلىـــدۇ. يەنە باشـــقىلار ھۆججەتلەرنىـــڭ مەقسەتلىرى ئاساسىدا ئايلىنىدۇ ۋە ھۆكـۈم ئالىـدۇ. يەنە بەزىـلەر بولسـا دىيانەتلىـك بولۇشـتا، ئىـدىيە ۋە فىقھـى ئۇقۇمـدا ئېھتىيـات يـولىنى تۇتـۇپ ماڭسـا، يەنە بەزىـلەر ئاسانلاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.

بـۇ ئەھـۋال بىلىم-سـەۋىيە جەھەتـتە ئاسـاسەن ئوخشىشـــىپ كېتىـــدىغان-قۇرئـــان چۈشـــۈۋاتقان ۋە رەسۇلۇللاھ ئارىسىدا ھايات تۇرۇۋاتقـان مەزگىللەردىكـى ســـاھابىلار جەمئىيىتىـــدىمۇ كـــۆرۈنگەن. مەســـىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر كـۆپىنچە پەتىـۋا ۋە قاراشلىرىدا

ئېھتىيات يولىنى تۇتۇپ«ئېھتىيات مەدرىسى»نى شەكىللەندۈرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئاسانچىلىققا مايىل بولۇپ«ئاسانلاشتۇرۇش مەدرىسىنىڭ يېتەكچىسى»دەپ تونۇلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئىككى مەدرىسىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشىنىشتىكى ساھابىلارنىڭ كۆز-قاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا «بەنۇ قۇرەيزە» يەھۇدىلىرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغان ھەربى يۈرۈشتە دېگەن سۆزىنى مىسال ئېلىپ كۆرسەك بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ :«كىم مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇسۇن»دېگەن(بۇخارى رىۋايىتى). ساھابىلارنىڭ بىر بۆلۈكى بۇيرۇقنىڭ زاھىرىي (سىرتقى ئۇقۇمى)نى تۇتۇپ مېڭىپ، ئەسىر نامىزىنى كۈن كىرىپ بولغاندىن كېيىن بەنى قۇرەيزە زېمىنىدا ئادا قىلىشقان. يەنە بىر تۈركۈم ساھابىلار ئەسىر نامىزىنى ئەسىر ۋاقتىدا يولدىلا ئادا قىلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ مەسىلىدە ساھابىلارنىڭ بىر بىرسىنى ئەيىبلىگەنلىكى تارىختا ئىسپاتلانمىدى، ھەتتاكى كىمنىڭ خاتا قىلغىنى، كىمنىڭ توغرا قىلغىنىمۇ بايان قىلىنمىدى.

ھۆججەت (ئايەت-ھەدىس) نى ئۇقۇم جەھەتتىن كۈچلۈك ئېھتىماللىقتا كەلتۈرۈپ قويىدىغان بىر بۆلۈك قائىدىلەر بار، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1). سۆزنىڭ ھەقىقەت مەنىسى بىلەن مەجاز (كۆچمە مەنىسى) ئارىلىقىدا ئايلىنىشى. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ:«سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە»(ھەدىد سۈرىسى، 4- ئايەت)دېگەن ئايەتتە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقەت مەنىسىگە قاراتقان. بەزى مۇپەسسىرلەر:ئاللاھ بىلىشى ۋە كۆزىتىپ تۇرۇشىدا بىز بىلەن بىرگە، دېگەن ئۇقۇم بويىچە كۆچمە مەنىسى بىلەن تەپسىر قىلغان.

يەنە بىر مىسال:«ئاللاھ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ»،(رۇم سۈرىسى، 19- ئايەت) دېگەن بۇ ئايەتمۇ نەچچە خىل قاراش بويىچە ئىزاھلانغان.

(2). سۆز ئومۇملۇق بىلەن خاسلىق ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:«ئاللاھ ئادەمگە بارلىق ئىسىملارنى ئۆگەتتى»(بەقەر سۈرىسى، 31-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە«ئادەمگە ئۆگىتىلگەن ئىسىملار» ھەققىدە تۈرلۈك ئىزاھلار بايان قىلىنغان.

شـۇنداقلا، ئۇمـۇمـي هوقـۇق بـىـلـەن شەخسـى مەنپەئەتلەر بايان قىلىنغان ئايەتلەردىمۇ كۈچلەنـدۈرۈش مەسىلىسىدە بىر قانچە تۈرلۈك قاراشلار كەلگەن.

(3). ئورتـاق سـۆز: ئەرەب تىلىـدا بىـردىن كـۆپ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئورتـاق سـۆزلەر بـار. مۇشـۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرەرسى قۇرئان كەرىمدە كەلگەندە، ئالىملار مەقسـەتنى بەلگىلەشـتە تۈرلـۈك قاراشـتا بولـدۇ، هەر ئالىمنىـڭ تاللىشـىغا ئاساسـەن هۆكـۈم ئۆزگىرىـدۇ. مەسىلەن:«تالاق قىلىنغان ئايـاللار ئـۈچ هەيـز ئۆتكـۈچە ئىـددەت تۇتىـدۇ»(بەقەر سۈرىسـى، 228ـ ئـايەت)دېگەن ئايەتتىكى «قۇرئى» دېگەن سـۆز ئەرەب تىلىـدا«پاكلىق ۋە هەيز» مەنىسى بىلەن كېلىدۇ. شـۇ ئاساسـتا ئـالىملار ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار.

(4). ئـايەت ـ هەدىسـتە بـۇيرۇق شـەكلى كەلـگەن بولسـا، ۋاجىبلىقنـى كۆرسـىتەمدۇ؟ يـاكى سـۈننەتنىمۇ؟ ياكى مۇباھلىقنىمۇ؟.

مەسـىلەن:«يەڭلار،ئىـچىڭلار»(بەقەر سۈرىسـى، 60ـئايەت)دېگەن ئايەتكە ئوخشاش.

يەنە:«ئىهرامـدىن چىققـان چېغىڭلاردا شـىكار قىلسـاڭلار بولىـدۇ»(مائىـدە سۈرىسى، 2ـ ئـايەت).دېگەن ئايەتكە ئوخشاش.

(5). چەكـــلەش شـــەكلىمۇ بـــۇيرۇق شـــەكلىگە ئوخشىشــىپ كېتىــدۇ. يەنــى هــاراملىقنى كۆرســىتەمدۇ ياكى مەكرۇهلىقنىمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش.

ئەرەب تىلىدا بۇيرۇق شەكلى 17 خىل مەقسەتتە كېلىدۇ.چەكلەش شەكلى يەتتە خىل مەقسەتتە كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلار پەقەتلا ئۇقۇم جەهەتتىن كىچىك ئىختىلاپقا ئىگە بولغان مەسىلىلەردىن ئىبارەت. دېمەك، ئىدىيە ۋە فىقھى ئىنسانىي ئىجتىهاد(تەتقىقات) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ تەبئىيىتىمۇ كـۆز قاراش ۋە پەتىۋالاردا ئەكـس ئېتىدۇ. بەزىلەر ئاسانلاشتۇرۇش يولىنى تۇتسا، يەنە بەزىلەر ئېهتىيات قىلىپ تەس يولنى تۇتىدۇ. تەس يولنى تۇتقانلار «ۋاستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەن دائىرىنى كېڭەيتىۋېتىدۇ. ئاسانلاشتۇرۇش يولىنى تۇتقانلار-كىچىككىرەك كۆز قاراشقا ئاساسەن-رۇخسەت ئىشلارغا كۆپرەك ئېسىلىدۇ.

بۇ ئىش هۆججەتنىڭ كىچىك ئېهتىماللىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ. بولۇپمۇ هالال-هارام ئارىسىدا كەڭرى ئورۇن ئالغان «مۇتاشابىهات» (نەچچە خىل ئېهتىماللىققا ئىگە) رايوندا چوڭراق ئورۇن ئىگىلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ:«هالال ئىشلار ئېنىق،

ھارام ئىشلارمۇ ئىبىنىق. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىككى تەرەپكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار بار. قايسى بىر ئادەم شۈبھىلىنىپ قالغان ئىشنى گۇناھ بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قىلمىسا، دىنىنى پاك تۇتقان بولىدۇ. قايسى بىر ئادەم گۇناھ بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىدا شەكلىك نەرسە بولسىمۇ جۈرئەت قىلغان بولسا، شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. گۇناھ- مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ چېگراسى. قايسى بىر ئادەم چېگرا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرسە، چېگرادىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن»دېگەنىدى(بۇخارى رىۋايىتى).

بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنىڭ شەكلىك ۋە شۈبھىلىك ئىشلارغا جۈرئەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئىبىنىق.

## 3. قانۇن چىقىرىشتا كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە رايون:

«ئۇسۇلى فىقھى(دىنىنى چۈشىنىش ئاساسلىرى) ئالىملىرى» رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن كەلگەن ھەدىسلەرنى مۇسۇلمانىنىڭ ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولغان قانۇن ۋە كۆرسەتمە ياكى ئادەت، تەجرىبە ۋە

خۇسۇسىي يوسۇندا كەلگەن سۈننەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ.

بەزى ئالىملار ئىككى مەسىلە ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرمەي، ھۆكۈم-قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىسى يوق ھەدىسنى قانۇن چىقىرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ، ياكى ھۆكۈم-قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىدار سۈننەتلەرنى تەجرىبە ۋە ئىجتىھات دائىرىسىگە چىقىرىۋېتىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا قانۇن چىقىرىشقا ئالاقىسى يوق ھەدىسنى قانۇن چىقىرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويىماقتا.

قانۇن چىقىرىش بىلەن ئالاقىسى يوق ھەدىسنى قانۇن چىقىرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان تېمىلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(1). رەسۇلۇللاھ ۋەھيي ۋە قانۇن چىقىرىش ئاساسىدا قىلمىغان سىياسى ئىجتىھادى قاراشلار:

رەسۇلۇللاھ بۇ سىياسىي قاراشلىرىنى ئۈممەتنى يېتەكلەش ۋە ئۈممەتنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا ئىجتىھاد ۋە تەتقىق قىلىپ چىقارغان قاراشلاردىن ئىبارەت.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ «ئەھزاب قوشۇنى» مەدىنە شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، مەدىنە مۇنەۋۋەر مېۋىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى غەتفان دۆلىتىگە

بېرىپ، دۈشمەنلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەنسارىلارنىڭ ئاقساقىلى سەئىد بىن مۇئاز بىلەن سەئىد بىن ئۇبادە بۇ قاراشنى توغرا تاپمىغان. بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككىيلەننىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغان. دېمەك، مەسلىھەت تەلەپ قىلغانلىق بۇ ئىشنىڭ ۋەھيي ئەمەس، ئىجتىھادى ئىش ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ.

(2). رەسۇلۇللاھ ھەربىي قوماندان سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان ھەربى تاكتىكا ۋە ئىجتىھادلار:

" بەدرى" جېڭىدە رەسۇلۇللاھ ھۇباب بىن مۇنزىر ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئەسكەرلەرنى قايتا تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. ھۇباب بىن مۇنزىر رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىشىنىڭ ۋەھيي ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن يۇقىرىقى ئىلتىماسىنى قويغان ئىدى.

(3). سوتقا ئالاقىدار ئىجتىھادى قاراشلار:

رەسۇلۇللاھ كىشىلەر ئارىسىدا كۆپىنچە ئىجتىھادى قاراشلىرى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ گەپدان ئادەملەرنىڭ سۆزمەنلىكىگە تايىنىپ، كىشىلەرنىڭ مال-

مۆلۆكلىرىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

(4). رەسۇلۇللاھ ئادەت يولى بويىچە قىلغان ئىشلار:

رەسۇلۇللاھ ۋەھيي ۋە قانۇن ئاساسىدا ئەمەس ئادەت يولى بويىچە قىلغان ئىشلار. ئەگەر دەلىل كەلگەن بولسا بۇ قاراشتىن ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە ئالاقىدار كەلگەن ھەدىسلەر «ئۇسۇل فىقھى ئالىملىرى»نىڭ قارىشىچە قانۇن بىلەن ئالاقىسى يوق، ئادەت خاراكتېرلىك ھەدىسلەردىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن ئۆرپ-ئادەت (يەنى دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى، ھۆججەتلىرى ۋە شەرئى ئۆلچەملەرگە زىت كەلمەسلىك شەرتى بىلەن) ئۆزگىرىشچان رايوندىكى قانۇن چىقىرىش مەنبەسىنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. شۇڭا توغرا ئۆرپ-ئادەت ئېتىبارغا ئىگە، دەپ تونۇلغان.

مەسىلەن، تويلۇقنى بىر قانچىگە بۆلۈپ بېرىش مەسىلىسى، نەخ پۇلنىڭ ئورنىغا چاك بېرىش مەسىلىسى، تور ئارقىلىق سودا قىلىش مەسىلىسى ۋە ئېغىر نەرسىلەرنى ساتقۇچىنىڭ يۆتكەپ بېرىشى كېرەكلىكىگە ئوخشاش ئۆرپ-ئادەتلەر.

شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھنىڭ «كېلە»نىڭ گوشىغا ئوخشاش مۇئەييەن تاماقنى يېيىشنى خالىماسلىقى مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. تاماقنى قولىدا ياكى قوشۇق ۋە چوكىدا يېيىشمۇ ئادەت خاراكتېرلىك ئىش. يەرگە سېلىنغان داستىخاندا ياكى ئۈستەل ئۈستىدە يېيىشمۇ ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

(5). رەسۇلۇللاھدىن مەسلىھەت يولىدا چىققان ھەدىسلەر:

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ «بەرىرە»ئىسىملىك ئايالنىڭ يولدىشى بىلەن ئايرىلىپ كېتىش مەسىلىسىدە، ئۇ ئايالغا يولدىشىغا قايتىش مەسلىھەتىنى بەرگەن. شۇ چاغدا ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھقا: بۇ شەرئى ھۆكۈم يەنى قانۇن بولسا قايتاي، بولمىسا ئىرىم بىلەن ياراشقىم يوق دېگەن. رەسۇلۇللاھ: مەن پەقەت سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چۈشۈپ مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن دېگەندە، ئۇ ئايال: مېنىڭ ئېرىمگە قايتقۇم يوق دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى رىۋايىتى).

مانا بۇ بىر بۆلۈك كۈچلۈك ئېھتىماللىقا ئىگە ھەدىسلەر ۋە ئەھكاملارغا كەلسەك، ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشلارنى قانۇن چىقىرىش تەرىقىسىدە قىلمىغانلىقى بەلكى ئىنسانىي ئىجتىھاد تەرىقىسىدە قىلغان ئىشلاردىن ئىبارەت دەپ

قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ قائىدىلەر ئاساسىدا كەلگەن ئەھكاملاردا نەچچە خىل كۆز قاراش بولسا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرە ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ قائىدىلەر ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

## 4. ھۆججەتلەرنى رېئاللىققا تەبىقلاش رايونى:

«(ھۆججەت) بار يەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى مۇتلەق چۈشەنسەك توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇقۇم دائىرىسى كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بىر قانچە ئورۇنلاردا ھۆججەت بولسىمۇ ئەقىل يەنىلا ئىجتىھات قىلىدۇ. ئەقلى ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىش ھۆججەتنىڭ قەدرىنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ مېتودىغا ئۇيغۇن ھالەتتە دەۋر تەقەززاسىنى چۈشىنىش، ھۆججەتتىن مەقسەت قىلىنغان مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرلىكتە ھۆججەتنىڭ ئورنىنى كۆتۈرىدۇ، چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

شەرىئەتتە كەلگەن كۆپلىگەن ھۆججەتلەر مەلۇم مەقسەت ۋە سەۋەب ئاساسىدا كەلگەن. ئالىملارنىڭ

ھۆججەتلەرنىڭ مەقسىتىنى ھېس قىلىشى نىسپى بولىدۇ، ھەممە ئورۇندا بىردەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ «ئىللەت ۋە مەقسەت تۇگۇنى»نى بەلگىلىشىگە ئىنساني خاراكتېرى، مەرىپەت سەۋىيىسى، شارائىتلىرى ۋە رېئاللىقنى تەتقىق قىلىشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ساھابىلارمۇ گەرچە ئالدىدا ھۆججەت تۇرسىمۇ، بىر قانچە مەسىلىلەردە رېئاللىققا تەتبىقلاشتا تۇرلۇك قاراشلاردا بولغان.

مەسىلەن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئاچارچىلىق بولغان يىلى ئوغرىلىق قىلىشنىڭ قول كېسىلىش جازاسىنى گەرچە ساھابىلاردا مۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدىغان بولسىمۇ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىنچە توختاتقان.

شۇنداقلا ھەزرىتى ئۆمەر «قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش» ئۈچۈن زاكاتتىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلىنى ئىللەت يوقالغان ياكى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن گەرچە تەۋبە سۈرىسىدە ئايەت بولسىمۇ توسقان.

دېمەك، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىللەت ۋە مەقسەتلەرگە چېتىلغان ئەھكام ۋە تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرنى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىگە كىرگۈزسەك بولىدۇ. ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايوننىڭ كۆرسەتمە ۋە ھۆكۈملىرى

مۇقىم بولمايدۇ، بۇ رايوندا ئەقىلنى توغلىتىش ياكى ئەقىلنى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشتىن توسۇش توغرا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ دائىرىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىسلام دىنىدا يۇقىرى سەۋىيەدە تەلىم ئالغان كەسپى خادىملار، ئەھلى ئىلىم ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى. بولۇپمۇ مۇشۇ ساھەگە زىچ ئالاقىدار بولغان«ئۇسۇلى فىقھى» (يەنى ئىسلامنى چۈشىنىش ئاساسلىرى) دېگەن پەننى ياخشى بىلىشكە باغلىق.

(2)

## ھۆججەتلەردىن خالى دائىرىدىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايونلار

بىز ئىلگىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارغا مۇھىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى-تەپسىلاتى بويىچە ئەمەس-بەلكى ئومۇمى شەكلى، پرىنسىپال قائىدىلىرى ۋە چوڭ مەقسەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى دەپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ كۆپلىگەن تارماق ۋە تەپسىلى مەسىلىلىرى ھۆججەتتىن خالى. ھۆججەت كەلمىگەن مەسىلىدە ئەقلى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش يوللۇق، بەلكى بۇ تېخى مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلارغا ۋاجىپ بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

**ھۆججەتلەردىن خالى دائىرىدىكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايونلار ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ:**

**1. ئۇسۇل-چارە رايونى:**

بىز يۇقىرىدا «شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى» ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار قاتارىدىن دەپ بايان قىلدۇق. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان ۋە ئۇممەتنىڭ رېئال ھاياتىدا مۇشۇ مەقسەت ۋە غايىلەرنى رېئاللىقتا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئىسلام دىنىي مەيدانىغا

كەلگەندىن تارتىپ تا قىيامەتكە قەدەر زېمىندىكى ھەممە ئورۇن ۋە ھەر زاماندىكى كىشىلەرنىڭ دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىي رېئاللىقتا قارايدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاستە، ئۇسۇل-چارىلار كۆپ بولۇپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

ۋاستە ۋە ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن بىر قانچە توم كىتاب يېزىپمۇ ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. 30 يىل مابەينىدىكى ئالاقە ۋە قاتناش ۋاستىلىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولۇپ يېڭىلىنىپ تۇرماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆججەتلەر ۋاستە ۋە ئۇسۇل-چارىلەر توغرىسىدا توختالمىدى، بەلكى ئۇسۇل-چارىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-پرىنسىپلارنى ئوتتۇرغا قويۇپ بەردى. ۋاستە، ئۇسۇل-چارە مەقسەت ۋە غايىنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. ھەدىستە كېلىشىچە، بىر ئېغىز سۆز ئىگىسىنى جەھەننەمگە چۈشۈرۈۋەتكەندەك، ۋاستىمۇ سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتنى ئىتائەت ياكى گۇناھ ھالىتىگە ئۆزگەرتىشكە ھەسسە قوشىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانىنى سىناش ئۈچۈن كائىناتتىكى نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولسا، بۇ

سىناقنىڭ بىر قىسمى مەيلى ئىجادىيەت دائىرىسىدە بولسۇن ياكى خىزمەت دائىرىسىدە بولسۇن ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل-چارە دائىرىسىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇنيانى گۈللەندۈرۈش مەقسەتلىرى»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل-چارىلەرنى ئىزدەش ۋە تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇغان.

قۇرئان كەرىم ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل-چارىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ۋاسىتە مەسىلىسىدە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېسىلىپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم: «ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق بولسا ھەمكارلىشىڭلار، يامان ۋە گۇناھ ئىشلار بولسا ھەمكارلاشماڭلار» دېگەن.(مائىدە سۈرىسى، 2- ئايەت).

قۇرئان كەرىمدە قىممەت-قاراشقا بۇيرۇغان ياكى توسقان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بىراق ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل-چارە مەسىلىسىنى مۇسۇلمانىنىڭ ئەقلىگە تاپشۇرغان. مۇسۇلمانلار شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ۋە ئىسلامنىڭ ئەخلاقىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىلغار چارىلەرنى ئىجات قىلىشى ۋە تاللىشى لازىم. مەسىلەن، «ئى مۆمىنلەر!جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان

ئېيتىلسا, ئاللاھنى ياد ئېتىشكە(يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار»(جۈمە سۈرىسى، 9-ئايەت) دېگەن ئايەتكە قارىساق، ناماز «غايە»، ئالدىراش «ۋاستە»، غايە بىلەن ۋاستىغا ساۋاب تەڭ بېرىلگەن.

مىسال، قۇرئان كەرىم:«مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۆز-ئارا مەسلىھەت ۋە كېڭەش ئاساسىدا بولىدۇ»(شۇرا، 38- ئايەت) دېگەن. بىراق كېڭەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاستىسىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىگە تاپشۇرغان. مۇسۇلمانلار ھەر دەۋردە قىممەت-قاراش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، دەپ قارىغان ئىلغار ۋاستىلارنى ياكى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلگىنىنى تاللىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۈت خەلىپىنىڭ ھەر بىرىنى سايلاش ۋە تاللاش ئۇسۇلى تۈرلۈك بولغان. خەلىپە تاللاش مەسىلىسىدە ھەممىسى كېڭەشنى تەتبىقلىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلغار رەھبەرلەرنى تاللاش ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلىگەن. چۈنكى «ھەقىقى كېڭەش» ۋاستە ۋە ئۇسۇل-چارە ھەر قانچە ئۆزگەرسىمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا ۋاستىلارنى تاللاش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش مەقسەتنى رېئاللىققا

ئاشۇرۇش نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ھەممە تەرەپنى رازى قىلىدۇ.

يەنە بىر مىسال، قۇرئان كەرىمدىكى:«ئاللاھ ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»(نەھل سۈرىسى، 90-ئايەت) دېگەن ئايەتمۇ، كىشىلەرنى ئوخشاشلا، ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋاستىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتىغا قالدۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئۆتكۈر ئالىملار ئىجتىمائىي زۇلۇمدىن ساقلىنىش ۋە سىياسىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەرب ھەزارىتى تېپىپ چىققان بەزى ۋاستىلەردىن پايدىلانساق دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن.

قۇرئان كەرىم :«ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن... ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار»(ھەج سۈرىسى،77-ئايەت) دېدى. بىراق ياخشى ئىشلارنى قىلىش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە ئىزدىنىشكە قالدۇرۇلدى. مۇسۇلمانلار شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشىنىش ۋە رېئاللىقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيغۇن ھالدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ۋە چارىلەرنى ئىجات قىلىشقا چاقىردى. مەسىلەن،

رەسۇلۇللاھ:«كىم ئىسلامدا ياخشى مەنپەئەتلىك (ئەلۋەتتە شەرىئەتنىڭ روھى ۋە مەقسىتىگە زىت كەلمەسلىكى كېرەك) ئىشتىن بىرنى يولغا قويسا، ئۇ ئادەمگە يول باشلىغانلىقى ئۈچۈن ساۋاب بولىدۇ ۋە بۇنىدىن كېيىن كىم مۇشۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرسا ساۋابى كېمەيمەي ئىجات قىلغان ئادەمگە يېتىپ تۇرىدۇ. كىم ئىسلامدا يامان پاسسىپ ئىشتىن بىرنى يولغا قويسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلىدۇ ۋە كېيىن قىلغانلارنىڭمۇ گۇناھى بۇ ئادەمگە يۈكلىنىدۇ» دېگەن. (مۇسلىم رىۋايىتى).

## 2. تارماق ۋە شاخچە ئىشلار رايونى:

پرىنسىپال مەسىلە ۋە ئاساسلىق قائىدە ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار قاتارىدىن. تارماق ۋە شاخچە مەسىلىلەر ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايونغا تەۋە.

گەرچە بۇ رايون ئۆزگەرمەس پرىنسىپلاردىن ئاجرالمايدىغان بولسىمۇ، ئەقىل تارماق مەسىلىلەرنى ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۇقۇمى ئاساسىدا مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يوسۇندا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ مەسىلە، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ئىزىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. «رەت قىلىنىدىغان» ھاۋايى ھەۋەسنىڭ

«تەلەپ قىلىنىۋاتقان» ئىدىيىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مۇجتەھىد ياكى مۇتەپەككۇر ئالىم ئىزدىنىش رايونلىرىدا پرىنسىپال قاراشلارغا قارشى كېلىدىغان تارماق مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقسا بولمايدۇ. تارماق مەسىلە ئەقلىنىڭ نىسىۋىسى، ئۇنداقتا كۆزقاراش نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. بۇ رايوندا بىر قانچە خىل قاراش شەكىللەنسە قوبۇل قىلىنىدۇ. پرىنسىپال ۋە ئاساسلىق مەسىلىدە ھەق بىر بولىدۇ، تارماق ۋە شاخچە مەسىلىلەردە ھەق بىر قانچە بولىدۇ.

### 3. ئۆرپ-ئادەت رايونى:

ھۆججەتتىن خالى ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىدىكى دىنىنىڭ پرىنسىپال ئاساسلىرى ۋە شەرئى كۆرسەتمىلەر بىلەن قارشىلاشمايدىغان(يەنى مەنپەئەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايدىغان ياكى زىيان سۆرەپ كەلمەيدىغان) ئۆرپ-ئادەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىۋى ۋە فىقھى خەرىتىسى ئىچىگە كىرىدۇ. ئۆرپ-ئادەت ئۆزگىرىش دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ ئۆزگەرتىشكە بويسۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى شەرتكە چۈشكەن ئۆرپ-ئادەت ئىسلام فىقھىسىنىڭ قانۇن- ھۆكۈم چىقىرىش مەنبەلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۆرپ-ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈم ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايوندىكى پەتىۋالار ۋاقىت، ئورۇن، شەخس، شارائىت ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئۆرپ-ئادەت بىر قانچە مەزھەپ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى بىر مەزھەپ ئىچىدىمۇ پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىمام شافىئىينىڭ ئىراق ۋە مىسىردىكى پەتىۋاسىغا ئوخشاش.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر ھۆكۈمدە بىر قانچە خىل كۆز-قارىشى بولغان. ئالىملار سەۋەبىنى بايان قىلىپ، ئىمام ئەھمەد پەتىۋاسىدا ئۆرپ-ئادەتكە رىئايە قىلاتتى،دېگەن. مەسىلەن، ھەج مەزگىلىدە پەتىۋا بەرگىلى باشلىغاندا، بىرەر ئادەم مۇئەييەن بىر پەتىۋا سورىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئادەمنىڭ يۇرتىنى بىلىپ ئاندىن جاۋاب بېرەتتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە بەشىنچى ئادەم دەل شۇ سوئالنىڭ ئۆزىنى سورىسا، كۆپلىگەن مەسىلىلەردىكى جاۋاب ھەر بىرەيلەنگە بېرىلگەن جاۋابقا ئوخشىمىغان. دېمەك، ئۆرپ-ئادەت بەزى پەتىۋالارنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

هەر بىر يۇرتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە يۇقىرىقى شەرتكە بىنائەن رىئايە قىلىش مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تۈرلۈك ۋە خىلمۇ-خىل بولۇشنى قوغداپ كەلگەن ئامىللارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى «پرىنسىپال ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەر»دىن باشقا مەسىلىلەردە بىر قېلىپقا سېلىشقا ئۇرۇنمىغان. ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايوندىكى مەسىلىلەردە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتقا ئاساسەن بىر نەچچە خىل قاراشتا بولۇش داۋاملىشىپ كەلگەن. كېيىنچە بەزىلەر پەيدا بولۇپ ئىسلامنى خاتا چۈشىنىۋالغان ۋە «ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرى»نى توڭلىتىشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيدا بولۇپ «ئىسلامنىڭ پرىنسىپال ئۆزگەرمەس ئاساسلىرى»نى سۇيۇقلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

ئىسلامنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن ئەللەر ۋە مەملىكەتلەر ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يوقىتىپ قويمىغان. چۈنكى ئۆرپ-ئادەت مەسىلىسىنىڭ ئىزدىنىش ۋە نەچچە خىل قاراشتا بولۇشقا

بويسۇندىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى.

ئەسكەرتىش: ئىسلامنىڭ مۇقىم قىممەت-قاراشلىرى بىلەن زىتلىشىدىغان ئۆرپ-ئادەت بولسا دەرھال تاشلاش لازىم.

## 4. نىسپىي مەنپەئەت ۋە نىسپىي زىيانلىق ئىشلار رايونى:

ھۆججەت ئاساسىدا «ھالال» دەپ كەلگەن ئىشلار ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار رايونىغا تەۋە ھەقىقىي مەنپەئەتلەرنىڭ قاتارىدىن، شۇنداقلا «ھارام» دەپ كەلگەن ئىشلار ھەقىقىي زىيانلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ھۆججەت يوق رايوندىكى ئىككى تەرەپ ئېھتىماللىقى بار ئىشلاردا، يەنى مەنپەئەت ۋە زىيان نىسپىي بولىدىغان مەسىلىلەر مۆجتەھىد، مۇتەپەككۇر ۋە ئالىملارنىڭ باھالىشىغا بويسۇنىدۇ. ئەگەر مۆجتەھىد ئالىملار بىر مەسىلىدە زىيانلىق تەرىپى كۈچلۈك بولسا «ھارام» دېگەن قاراشقا كېلىدۇ. ئەگەر مەنپەئەت تەرىپى كۈچلۈك بولسا «ھالال» دېگەن قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىدە قاراشنىڭ تۈرلۈك بولۇشى تەبىئىي ئىش. چۈنكى ھەر بىر ئالىمنىڭ كۆز

قارىشى يەنە بىر ئالىمنىڭ ئىزدىنىش مەسىلىلىرىدە ئوخشاش چىقمايدۇ. دېمەك، ھەر بىر تەتقىقاتچى ۋە ئىزدەنگۈچى ھەر بىر ئالىم ئەجىر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

مەسىلەن، تويى قىلىش مەسىلىسىنى مىسال ئالساق، تويى قىلىش پرىنسىپ جەھەتتىن دىنىنىڭ يېرىمى سانىلىدۇ. لېكىن كىشىلەرگە تەتبىقلىغاندا مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش نىسپىتىدىكى ئىنچىكە سېلىشتۇرمىغا ئاساسەن تويى قىلىش «پەرز ياكى سۈننەت ياكى مۇباھ ياكى مەكروھ ياكى ھارام»دېگەندىن ئىبارەت بەش خىل ھۆكۈم دائىرىسىدە ئايلىنىدۇ.

دېمەك، بۇ رايونمۇ نەق تەييار ھۆكۈم يوق بولغان رايونلارنىڭ بىرسى. بۇ رايوندا مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە سوئال سورىغۇچىنىڭ شارائىتىنى بىلىش لازىم. ئۇنىڭ شارائىتى مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ بېكىتىشىگە ئاساسەن مۇناسىپ ھۆكۈم تۈرىنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردا مەنپەئەت بولسىمۇ، «قىممىتى يوق ئېتىبارسىز» مەنپەئەت دەپ قارىلىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن:ھاراق، پاھىشە، ئوغرىلۇق،

ئىشــــپىيونلۇق، جـــازانە ۋە قىمارنىـــــڭ مەنــــپەئەتىگە ئوخشاش.

## 5. مەلۇمات ۋە تەجرىبىگە ئاساسەن چىقىرىغان ھۆكۈملەر رايونى:

شـۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىلىم پەننىڭ ھەقىقەتلىرى، ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كەسكىن ئىسپاتلانغان ئىشلار بىلەن ھەرگىز زىتلاشمايدۇ. كەسكىن دىنىي ھەقىقەت بىلەن كەسكىن ئىلمىي ھەقىقەت ھەرگىز بىر-بىرىگە قارشىلاشمايدۇ. تەكرار-تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەت دىنىي ھەقىقەتنى قوللايدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ.

مۇسـۇلمانلارنىڭ قاراشلىرى ۋە پەتىۋالىرى ئىلىم-پەننىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن كەسكىن بولمىغان ئېھتىمالى مەلۇماتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان مەلۇماتلاردىن ھەزەر قىلىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېھتىمالى مەلۇماتلارنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن دەرىجىسىگە يەتمىگەن مەلۇمات ۋە تەجرىبىگە قارىتا پەتىۋا بەرمەسلىك ۋە ھۆكۈم ئالماسلىق لازىم.

## 6. دۇنيالىق ئىشلار رايونى:

ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدىغان مەيدانلارنىڭ بىرسى دۇنياۋى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك رايون. بۇ رايوندا ھۆكۈم ياكى پەتىۋا ئىللەت ۋە سەۋەب بىلەن تەڭ ئايلىنىدۇ. ئىللەت تېپىلسا ھۆكۈم بولىدۇ، ئىللەت يوقالسا ھۆكۈم ئەمەلدىن قالىدۇ. ھۆججەت بىلەن ئالاقىسى يوق (يەنى ھۆججەت كەلمىگەن):خىزمەت، ھۈنەر كەسىپ ۋە كەسپى ساھەلەر دۇنيالىق ئىشلار رايونىدىن ئىبارەت.

بۇ دائىرە «ئەپۇ قىلىش رايونى»دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «ئەسلىدە ھەممە ئىش مۇباھ ۋە يوللۇق»تۇر. رەسۇلۇللاھ :«ئاللاھ بىر بۆلەك پەرزلەرنى پەرز قىلدى، زايا قىلىۋەتمەڭلار. بىر بۆلەك بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلەپ بەردى، ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. بىر بۆلەك ئىشلارنى ھارام قىلدى، يېقىنلىشىپ قالماڭلار. يەنە بىر بۆلەك ئىشلار ھەققىدە ئۇنتۇپ قالمىغان ھالدا سىلەرگە كۆيۈنۈپ ھېچقانداق بىر نېمە دېمەي سۈكۈت قىلدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھۆكمى قانداق بولغىيتى دەپ، ئىزدىنىپ يۈرمەڭلار (مۇباھ ھالىتىدە قېلىۋەرسۇن) دېگەن. (دارى قۇتنى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان).

يەنە رەسۇلۇللاھ:«دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سىلەر مەندىن بەكرەك بىلىسىلەر، مەن دىنىڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىلىمەن. ئەگەر مەن سىلەرگە

دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى مۇنداق دېسەم، شۇنى تۇتۇپ مېڭىڭلار» دېگەن(مۇسلىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى)
بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، دۇنيالىق ئىشلاردا: سودا سېتىق ۋە قانۇن-تۈزۈم دېگەندەك قايسى بىر ئىشلارغا دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى ئېنىق كەلگەن بولسا، بۇ ئىش دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدۇ، ئەپۇ قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمدى شەرئى ھۆكۈم ياكى ئېنىق پەتىۋا كەلمىگەن دائىرە «ئەپۇ قىلىش دائىرىسى»گە كىرىدۇ.

***

# ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان ساھەلەرنىڭ بىرلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى

بىز ئىلگىرىكى ماقالىلاردا ئىسلام دىنىنىڭ «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نى قۇرۇلمىسىدا ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنى تونۇۋۈپ يەتتۇق. شۇنداقلا ئىسلامنىڭ خاراكتېرى ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى نىشانلىق ۋەزىپىسىدە مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتتۇق.

بىز ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا، بۇ دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى دىن ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىنىنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيلىقىنى ۋە ھايات ساھەسىنىڭ بارلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئىسلام دىنى ھەر دەۋر ۋە ھەر يۇرتتىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ دىنى بولغانىكەن، ئىسلامنىڭ قايسى بىر دەۋردە بولسۇن تەرەققىياتى داۋاملىشىدىغان ۋە ئېلاستىكىلىقى توختاپ قالمايدىغان مەڭگۈلۈك

خۇسۇسىيىتىنى بېرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولىشى چوقۇم. ئىسلامنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلارنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدە كۆرىنىدۇ. بۇ ھېكمەتتىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار پايدىلىنىدۇ. بۇ ھېكمەتنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

## 1. ئىسلام دىنى قۇرۇلمىسىدا مۇكەممەللىك بىلەن يېڭىلىقنى بىرلەشتۈرگەن:

ئاللاھ تۇرلۇك خاراكتېر، تۇرلۇك ئىدىيە ۋە خىلمۇ-خىل ئۆرپ ئادەتتىكى بارلىق كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى ئەۋەتكەن. بۈگۈن مۇسۇلمانلار يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ 25% نى تەشكىل قىلغان ۋە ئىسلام دۇنياسى دەپ ئاتالغان زېمىندا مەركەزلەشكەن.

ئىسلام دىنى مەخلۇقلىرىغا قارىتا مۇتلەق بىلىم-مەرىپەتكە ئىگە ھېكمەت بىلەن قانۇن يولغا قويغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر دىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن ئۆزگەرمەس رايونلار بىلەن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەللىكى بارلىق خەلقلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك مەدەنىيەتلىرىنى تاشلىشىغا ئىتتەرگەن. ماددى تەرەققىياتى خېلى بىر يەرگىچە يەتكەن بەزى

مەدەنىيەتلەرمۇ ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى ئالدىدا مەدەنىيەتىدىن ۋاز كەچكەن.

ئاللاھ قۇرئاندا: «بۈگۈن دىنىڭلارنى مۇكەممەل قىلىپ بەردىم، نېمىتىمنى تولۇق بەردىم، سىلەرگە ئىسلام دىنىنى مەن تاللاپ بەردىم» دەيدۇ(مائىدە، 3- ئايەت). ئايەت كەرىمدە ئىشارەت قىلىنغان مۇكەممەللىك بۇ دىنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان پرىنسىپلار، ئاساسى قائىدىلەر ۋە مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ دىنغا ئىلگىرى دىنلاردا يۈز بەرگەن بۇرۇلۇش ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئۆزۈم ساقلايمەن ۋە ئۆزۈم قوغدايمەن دەپ قەسەم قىلغان.

بۇ دىندىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارنىڭ مەنبەسى قۇرئان كەرىم: «ساڭا بىز قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان قىلىپ چۈشۈردۇق»(نەھل سۈرىسى، 89- ئايەت). بۇ ئايەتتىكى «ھەممە نەرسە» دېگەندىن مەقسەت پرىنسىپلار، ئاساسى قائىدىلەر، مەقسەتلەر ۋە چوڭ قائىدىلەردىن ئىبارەت.

ئەمما ئىسلام دىنىدىكى ئۆزگەرىشچان رايونلارنىڭ مەنبەسى ئەقىل (ئىجتىھاد)تۇر. ئەقىل تارماق مەسىلىلەرنى پرىنسىپال نۇقتىلار ئۇقۇمى ئاساسىدا، شاخچە مەسىلىلەرنى ئاساسلىق قائىدىلەر ئۇقۇمى ئاساسىدا، ۋاستە-چارىلەرنى مەقسەت-غايىلەر ئۇقۇمى ئاساسىدا يەكۈنلەيدۇ. كۆچلۈك ئېھتىماللىقتا ئىگە ھۆججەتلەرنى ئۇقۇمى كەسكىن ھۆججەتلەر ئۇقۇمى ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئىسلام دىنى مۇشۇ ئارقىلىق ھۆججەت بىلەن ئەقىلنى بىرلەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ۋە دىن بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مۇكەممەللىشىشىدە ئىجابىي ئەكس ئېتىدۇ.

ئىسلامدىكى«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» ئىسلام دىنىغا مۇكەممەللىك ۋە ئۆزلۈك كۈچ ئاتا قىلىدۇ. «ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايونلار» تەرەققىيات، گۈللىنىش، تۈرلۈك بولۇش ۋە جەلىپ قىلىش كۈچىنى بېرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە رىقابەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن سۈكۈتتە قالمايدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلارنىڭ خاھىشىغا ئاۋازمۇ قاتمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى، ئاساسلىرى ۋە مەقسەتلىرىنىڭ

مۇقىملىقى مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا يولدىن چەتنەپ كەتمەي توغرا يولدا مېڭىشىنى قوغداپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ئارقىلىق بۇ دىنغا مۇكەممەللىكىدىن كېلىپ چىققان ئۆزلۈك كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاتا قىلغان. ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى كىشىلەرنى بۇ دىنىنىڭ تۇرلۇك مېۋىلەر، گۈللەر، پۇراقلار، تەملەر ۋە رەڭلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بېغىغا جەلب قىلىدۇ. باغدىكى تۇرلۇك مېۋە، گۈللەر ۋە پۇراقلار ئەۋرىشىملىكى سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئېھتىياجلىرىغا ئاۋاز قوشالايدۇ.

مۇشۇ سىياقتا ئاللاھ مۇسۇلمان ئۇممىتىگە ئىككى خىسلەت ئاتا قىلغان:

(1).«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك خاتالىقتا بىرلىشىپ قالماسلىقىدۇر. ئىسلامدىكى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» مۇسۇلمانلارغا ھۆججەتتۇر، مۇسۇلمانلار ئىسلامغا ھۆججەت ئەمەس.

(2). ئۆزگىرىش رايونلىرىدىكى ئىمكانىيەتلەر سەۋەبىدىن ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتى. رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى

يېڭىلايدىغان مۇجتەھىد، مۇتەپەككۇرلەرنى ئەۋەتىدۇ» دېگەن(ئەبۇداۋۇد بايان قىلغان).
ھەدىسكە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ھاياتىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ۋە تۇرغۇنلۇق ھالەتكە دۇچ كەلمەسلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزگىرىش رايونىغا تەۋە دىنىي چۈشەنچىسى تەپەككۇر ئاساسىدا يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2. مۇسۇلماننىڭ شەخسىيىتىدە يەككە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىنسانىي ئورتاقلىق خۇسۇسىيەتلەر بىرلەشكەن:

ئىسلام دىنى تولۇق سۈپەت، ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەت ۋە ئورتاق تەقسىماتقا ئىگە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دىنى.
ئىنساننىڭ شەخسىيىتى تەڭپۇڭ ۋە ئىجابىي ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەسىر بېرىشى، پائالىيەتچانلىق ۋە ھايات شەكىللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە سۈپەتلەر بىلەن بەھرىمەن بولىشى ئۈچۈن ئىنساندا قوش يۆلىنىشلىك بىر بۆلەك خۇسۇسىيەتلەر يېتىلىشى كېرەك. ئىنساندىكى قوش يۆلىنىشلىك خۇسۇسىيەتلەر: يەككە ۋە كوللېكتىپ خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت.

ئىنسان يەككە خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئالاھىدە كىملىكى ۋە سالاھىيىتىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ مىليارد ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغان ئاللاھ ئاتا قىلغان خاس بارماق ئىزى بار. شۇنىڭدەك باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نىسپى ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەتلەردىن ئىبارەت مەنىۋى شەخسىيىتى ۋە كىملىكىمۇ بار. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت، زېمىن، ئۇممەت، تىل، ئۆرپ-ئادەت، قانۇن ۋە پەزىلەتلىك ئەخلاقتىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتى بار.

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇپ، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. يەككە ۋە كوللېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق مۇسۇلمان جەمئىيىتى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىدىن چىقىپ كەتمەي توغرا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

چۈنكى«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» ئىنساندىكى ئىجتىمائىي تەرەپنى شەكىللەندۈرىدۇ، باشقىلار بىلەن ماسلىشىشتا ئىدىيە تەييارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. ئەمما «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەتلەرنى كەشىپ قىلىش ئارقىلىق ئىجادىيەت يارىتىش،

ئالاھىدىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە پائالىيەتچان بولۇشنا بەسلىشىش ۋە رىقابەت ھالىتىنى جانلاندۇرىدۇ. دېمەك، «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئارىسىدىكى ماسلىشىش شەخسلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغا كېپىللىك قىلالايدۇ.

## 3. ئۇممەت قۇرۇلمىسىدا بىرلىك بىلەن ئەركىنلىكنى بىرلەشتۈرگەن:

ئىدىيە ۋە ھەزارەت گۈللىنىش ئالىملىرى: قايسىكى بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ «بىرلىك ۋە ئەركىنلىك»تىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاقتۇر.

«بىرلىك ۋە ئەركىنلىك» ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى قاناتتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىدە بۇ ئىككى قاناتنىڭ بىرلىشىشى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن«ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئارىسىدا جۈپلىشىش نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىنسان شەخسى ئېنېرگىيەلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتتە پائالىيەتچان شەخسكە ئايلىنالايدۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ

ئۆزىدە كوللېكتىپ ئېڭىنى ساقلاپ قالالايدۇ. مانا بۇ «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن«ئۆزگىرىشچان رايونلار»ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇتۇپ ماڭغان ئىسلام تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى. «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» شەخسلەرگە قائىدە، پرىنسىپ ۋە مەقسەتلەردە، بولۇپمۇ غەيبى مەسىلىلەر (مېتافىزىكا)دا ھىدايەت خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئەقلى، ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ماددى دۇنياغا ئاتلىنىپ زېمىننى گۈللەندۈرەلەيدۇ.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» ئىنسانىي ئورتاق قىسمەتلەرنى ئويغىتىش ۋە شەخسلەرنى تەربىيىلەش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

چۈنكى سان «نۆل»ھالىتىدە ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ كۈچ قۇۋۋەت ياكى پائالىيەتچانلىق شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. «ئۆزگىرىشچان رايونلار» كەڭرى دائىرىسى ئارقىلىق ئەقلىنىڭ تەپەككۇر قىلىشى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، ئىزدىنىشى ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە؛ تىلنىڭ كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىشىگە؛ قەلەمنىڭ يېزىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىتتىن گىگانت، ئۇلۇغ ۋە قابىلىيەتلىك زېرەك ئادەملەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

چۈنكى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»نىڭ يۇقىرى تورۇسى ئۇلار ئۈچۈن ئەدىيىنى بېيىتىدىغان ۋە ھاياتنى يېڭىلايدىغان مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن ئىنتىزاملاشقان «ئەركىنلىك» ۋە شەخسلەرنى قۇيما قېلىپكە سېلىۋالمايدىغان ۋە بېسىم قىلمايدىغان «بىرلىك» ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلارنىڭ جىپسىلاشقانلىقىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك بولىشى ۋە ھەزارەت ساھەسىدە پائالىيەتچان بولۇشقا كېپىللىك قىلالايدۇ.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نىڭ خەرىتىسى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان «كۈچ قۇۋۋەت»، مۇستەبىتلىك قىلمايدىغان «بىرلىك»، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمايدىغان «ئەركىنلىك»، زىتلاشمايدىغان«خىلمۇ-خىللىق» ۋە بۆلۈنمەيدىغان «تۈرلۈك» ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 4. مۇستەقىللىق بىلەن سىرتقا قارىتا ئېچىلىشنى بىرلەشتۈرگەن:

ئىسلامنىڭ: ئاساسلىرى، مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا ئىگە بولىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە مۇستەقىل سالاھىيەت ۋە بىرلىك ئاساسىدىكى دۇنياۋى شەخس ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كەڭرى«ئۆزگىرىشچان رايونلار»غا ئىگە بولغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتىنىڭ-ئۆزىنى يەككە-يىگانە ساناپدىغان نىمىسلار مەدەنىيىتىگە ئوخشاش-باشقىلارنى ۋەيران قىلىدىغان سەۋەبكە ئايلىنىپ قېلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە «ئۆزگىرىشچان رايونلار» باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن ئىجابىي ماسلىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمان «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان-بولۇپمۇ مېتافىزىكا-تەسەۋۋۇردا مۇتلەق ھەقىقەتكە ئىگە. ئاللاھنىڭ يەككە-يىگانە ئىلاھلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ بارلىق ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكى ۋە قىيامەت

كۈنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى مۇتلەق ھەقىقەت: «ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس»(يۇنۇس سۈرىسى، 32- ئايەت).

ئەمما دۇنيا ئىشلىرىغا كەلسەك بىلىم- مەرىپەتلەر، تېخنىكا، تەجرىبە، ئىنسانىي ئىدىيە، پىسخولوگىيە بىلىملىرى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر «ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىگە تەۋە. دېمەك، مۇسۇلمانلار بۇ ساھەلەردە مۇتلەق ھەقىقەتكە ئىگە ئەمەس. بۇ ساھەلەردە ھەممە ئىنسانلار ئورتاق.

تەرەققىي قىلىش ياكى ئارقىدا قېلىش، مەدەنىيلىشىش ياكى مەدەنىيەتسىزلىك، بىرلىك ياكى ئىتتىپاقسىزلىق، كۈچ- قۇۋۋەت ياكى ئاجىزلىق، پائالىيەتچانلىق ياكى بوشاڭلىقتىن ئىبارەت قانۇنىيەتلەر بىلەن ماسلىشىش مىقدارىغا قارىتا يىللار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى جارى بولۇپ تۇرىدۇ.

«ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسى باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەردىكى ئىجابىي پايدىلىق بولغان ھەر قانداق نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن نەقىل قىلىش ۋە ھەزارەت جەھەتتىن ھەمكارلىشىش ئىشكىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مۇسۇلماننىڭ تىلى بۇ ساھەدە رەسۇلۇللاھنىڭ:«ھېكمەت مۇسۇلماننىڭ

يۇتتۇرۇپ قويغان مۈلكى»دېگەن ھەدىسىنى ئوقۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەردىكى تەجرىبىنى ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

شۇ سەۋەبتىن «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نىڭ جىپسلاشقانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىغا ئىجابىي ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل ۋە-گەرچە ئاجىز بولسىمۇ- ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. دېمەك، «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ھەمكارلىقىغا مۇناسىپ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمىنى قوبۇل قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ. «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ھەمزارەت ھەمكارلىق دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمى بىلەن ھەمزارەت ھەمكارلىقى ئارىسىدا ئەلۋەتتە زور پەرق بار.

# ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئىككى تەرەپلىمىلىك نۇقتىلارنى ئارىلاشتۇرۋېتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى

بىز يۇقىرىدا ئىسلامنىڭ «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن«ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى دەپ بىلدۇق. بۇ بىرلىشىشنىڭ بىرىنچىدىن ئىسلامغا، ئىككىنچىدىن مۇسۇلمانلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، ئۈچىنچىدىن مۇسۇلمان ئۈممەتنىنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل ئالاھىدە سالاھىيىتىنى ساقلاپ تۇرۇپ باشقىلارغا قارىتا ئىشىكنى ئېچىشتىكى سىلىشتۇرمىغا ئىگە بولغانلىقىغا ئاساسەن سىرتقى ئالاقىسىغا كۆپ پايدىسى بار.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىنى ئارىلاشتۇرۋېتىش ياكى پەرق ئىتەلمەسلىك كۆپلىگەن ئىككى تەرەپلىمىلىك مەسىلىلەرگە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى نەتىجە مۇقەددىمىنىڭ تۇرىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ سەلبىي يامان ئاقىۋەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاش مۇمكىن:

## 1. «دىن» بىلەن «دىيانەتلىك» بولۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

«دىن»ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سەھى ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئىبارەت. ئەمما «دىيانەتلىك» بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە ئىسلامنى رېئال ھاياتتا تەتبىقلاش يولىدىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى ئىلاھى ۋەھيي، دىيانەتلىك بولۇش ئىنساننىڭ دىنىي چۈشەنچىسى. ئىسلام دىنى مۇتلەق توغرا ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە، دىيانەتلىك بولۇش نىسپى بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇقىم بولۇپ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، دىيانەتلىك بولۇش مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە بولسۇن ياكى ھەزارەت جەھەتتىكى ئارقىدا قېلىشىدا بولسۇن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلام دىنى ھەر دەۋر ۋە ھەر قانداق ئورۇندا تەتبىقلاش زۆرۈر بولغان ئىلاھىي پەرزدۇر. ئەمما دىيانەتلىك بولۇش ئىنساننىڭ نىسپى چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. دىيانەتلىك بولۇش كۆپلىگەن ياخشى دائىرىلەرگە ئىگە، بىراق دىيانەتلىك ئۇقۇمىدا بەزىدە خاتالىقنىڭ كۆرۈلۈشى مۇمكىن ياكى دىنى چۈشەنچىسى بەزى دەۋر ۋە بەزى

ئورۇندا مۇناسىپ بولسىمۇ، باشقا دەۋر ۋە ئورۇندا-بولۇپمۇ دىنى چۈشەنچە مىراسىغا ئۇزۇن مۇددەت ئۆتكەن بولسا- مۇناسىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش بۈگۈنكى كۆپلىگەن ئىسلام دولقۇنلىرىنى «ئۆزگىرىشچان رايونلار» نى مۇسۇلمانلار ھەرگىز بوش قويۇۋەتسە بولمايدىغان ئۆزگەرمەس پرىنسىپقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنى زامان ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە رىئايە قىلماستىن پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان ۋە ئۆزگىرىشچان رايونلارنى ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ھالغا يەتكۈزۈپ قويغان.

مانا بۇ «ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىگە «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» مېتودى بىلەن قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسى. مانا بۇلار «قاتمال» ئېقىمدىكى كىشىلەردۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە غەربلىشىپ كەتكەن بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا «ئۆزگىرىشچان رايونلار» خەرىتىسىگە مۇئامىلە

قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر بىر بۆلەك مۇسۇلمانلارنى غەربچە ناخشا توۋلاشقا، غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇقەددەس بىلىشكە چاقىرىدۇ ۋە ھەر قانداق نەرسىنى غەربنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇلار ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىستىمال قىلماي ، غەربنىڭ ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلام ئۇممىتى دورامچىلىق قىلىپ ئەقلى كۈچىدىن زىيان تارتتى. چۈنكى ھەر ئىككى ئېقىم ئەقىل چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، رولىنى تارىخى تەقلىدچىلىك ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ تەۋەلىكىگە تۇتقۇزۇپ قويغان.

تارىخى تەقلىدچىلىك ۋە غەربكە تەقلىدچىلىك قىلىش يارامسىز، ھەزارەت ئاجىزلىقى ۋە جانسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن سىرت مۇسۇلمانلارنىڭ قېلىپ قالغان كۈچىنى مەزكۇر ئىككى ئېقىم ئارىسىدىكى كۈرەشنىڭ يېقىلغۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى قاتمال ئېقىم ئەنئەنىۋىلىكنى، ئىنكار قىلغۇچى (تانغۇچى) ئېقىم زامانىۋىلىقنى باھانا كۆرسىتىپ «مۇتلەق ھەقىقەت» مەندە ۋە ھەزارەت ئۇيغىنىش ئاچقۇچلىرى يالغۇز مېنىڭ قولۇمدا دەپ ئويلايدۇ.

هازىرقى زامان تەقلىدچىلەر «دىن» بىلەن «دىيانەتچىلىك»نى پەرق ئەتەلمەي «ئەقىدە» بىلەن «ئىدىيە»نى «شەرىئەت» بىلەن «فىقھى»نى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. «ئەقىدە» بىلەن «شەرىئەت»نىڭ مۇقەددەسلىكى«ئىدىيە» بىلەن «فىقھى»غا يۆتكىلىپ قالسا، بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا تۇرغۇن ھالەت ۋە قېتىپ قېلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

«تەقلىدچىلىك» دېگەن ۋەھىيدىكى دەلىلنى سوراپ ئولتۇرماستىن شەرئى ھۆكۈمنى بىر ئالىمنىڭ چۈشەنچىسىدىن بىلىش دېگەن بولىدۇ.

«ئەگىشىش» دېگەن قۇرئان ياكى سۈننەت ياكى دىنىنىڭ مەقسەتلىرىدىكى دەلىلنى بىلىش بىلەن بىرگە بىر ئالىمنىڭ كۆز قارىشى ياكى پەتىۋاسىغا ئەگىشىش دېگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا «ئەگەشكۈچى»لەر مېتود بويىچە ماڭغانلار، «تەقلىد قىلغۇچى»لار بىر ئالىمنىڭ كۆز قارىشىنى تۇتۇپ ماڭغۇچىلاردىن ئىبارەت.

## 2. بىرلىك بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

دىنىي چۈشەنچىنىڭ ئازلىقى ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىشنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدىيە

ساۋاتسىزلىقى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن«ئۆزگىرىشچان رايونلار»نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ باردى.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئارىسىدىكى بىرلىشىشنىڭ ھېكمىتى قايسى بىر مىللەتكە بولسۇن«بىرلىك» ۋە «ئەركىنلىك» تىن ئىبارەت ھەزارەت ئويغىنىشىنىڭ ئىككى قانىتىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. بىرلىك «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئەركىنلىك «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

ئارىلاشتۇرۇۋېتىش قاتمال كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يۈز بەرسە، كۆپلىگەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئۆزگەرمەس رايونلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، ئەقىلگە چەكلىمە قويۇپ، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنى چەكلەيدۇ. بىرەرسى تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارماقچى بولسا تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ھاياتنى توڭلىتىپ، ئىسلام دىنىنى يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتنى ئۆزلەشتۇرۇشتىن ئاجىز دىن ھالىتىگە ئەكىلىپ قويىدۇ.

چۈنكى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قايسى مىللەت، قايسى مەزھەپ ۋە قايسى ئېقىمدا بولسۇن بىرلىك ئاساسىنى يارىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا سەل قارىغانلىق بىرلىككە سەل قارىغانلىقتۇر. «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نىڭ زىيىنىغا «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»نى كېڭەيتىش ئەركىنلىكنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئەركىنلىكنىڭ نەتىجىسى بولغان ھەمكارلىق ئىچىدىكى تۈرلۈك بولۇش، ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىكى رىقابەتتە خىلمۇ- خىل بولۇشنى چەكلەيدۇ ياكى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

دېمەك، بۇ خىل تۈردىكى بىرلىك مۇسۇلمانلارنى قۇيما قېلىپقا سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە بۇ دىنىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي چېگرالىرىدىن كۆپ رايونلارنى قوغدىغۇچىسىز تاشلاپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ رايونلار تۈرلۈك بولۇش، ئىجادىيەت يارىتىش ۋە پائالىيەتچانلىققا مۇھتاج. ئەركىنلىك بولمىسا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ساھەلەردە نە ئىجادىيەت نە راۋاجلىنىش بولمايدۇ.

كىم «ئۆزگىرىشچان رايونلار» نى مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش باھانىسى بىلەن«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىكەن، ئىنسان

جىسمىنىڭ ئەزالىرىنى تۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بىكار قىلىۋەتكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئىنسان جىسمىنىڭ شەكلى، ھەجمى، ۋەزىپىسى ۋە ئورنى ئوخشىمىسىمۇ بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلايدۇ. تۈرلۈك بولۇش ھەرگىزمۇ بۆلۈنۈشنى ئىپادىلىمەيدۇ.

بۇ خىل ئارىلاشتۇرۇۋېتىش يەنە بىر تەرەپتىن يوللۇق مۇنازىرە بىلەن يولسىز مۇنازىرە ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا ۋە ئۇقۇشماسلىققا سەۋەب بولىدۇ.

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئىسلام دولقۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە ۋە پاسسىپلىق ھالەتنى پەيدا قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» نى ئۆزگەرتىش مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ئاساسىنى يوققا چىقىرىپ، چەكلىنىدىغان بۆلۈنۈشكە سېلىپ قويىدۇ. شۇنداقلا «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نى«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا ئايلاندۇرۇۋېلىش ھاياتنى توڭلىتىشقا، مۇسۇلمانلارنى قويما قېلىپقا سېلىشقا، كىشىلەر ئارىسىدىكى يەككە پەرقلەرنى ئىناۋەتسىز قىلىشقا ۋە ئەڭ ياخشىسىنى

ئەجات قىلىشقا ئىتتىرىدىغان رىقابەت قانۇنىيىتىنى مۇسادىرە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، بۇ مەسىلە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىش ۋە تەرەققىيات ئاسمانلىرىدا ئۇچالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى روشەنلەشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشى بىرلىك ۋە ئەركىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى قانات ئاساسىدا ھەرىكەتلىنىدۇ. مانا بۇ تەرەققىيات، گۈللىنىش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئىككى قانىتىنى «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكۈچىلەر ئۈزۈپ تاشلىغان. «قاتمال» ئېقىم ئەركىنلىك قانىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسا، ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارنى «ئىنكار قىلغۇچىلار» بىرلىك قانىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار بۇ زاماندا ھەزارەت(مەدەنىيەت) جەھەتتىن كارۋاننىڭ ئارقىدا تۇرماقتا، ھەزارەت ئويغىنىش ۋە كۆتۈرۈلۈشدىكى پائالىيەتچانلىقتىن ئاجىز ھالەتتە تەسىرلىنىش شەكىللىرىنى جارى قىلدۇرماقتا. ھالبۇكى ھەزارەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدىيىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

## 3. ئىجادىيەت بىلەن بىدئەتنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش:

«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار»نىڭ بىرلىشىشى نەقىل بىلەن ئەقىل ئارىسىنى مۇكەممەللەشتۇردى. بىراق ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش نەقىل بىلەن ئەقىلنى بىر-بىرىنى تولۇقلاش دائىرىسىدىن چىرىپ كېتىش دائىرىسىگە ئىتتىرىدۇ.

تەقلىدچىلەر ھۆججەتكە ياردەم بىرىمىز دېگەن باھانە بىلەن ئەقىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇشكەللەر بىلەن باغلاپ، ئەنسىرەش ئىچىدە كۆزىتىش مىكروسكوپ ئاستىغا قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەقلىدچىلەر: ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىن، بۇرۇنقى ئالىملار ھەممە مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، كېيىنكىلەرگە ھېچ نەرسىنى قويۇپ قويمىغان، ھەممە مەسىلىنىڭ جاۋابىنى بېرىپ بولغان دېگەن باھانە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادىيەت يارىتىش ئۇرۇنۇشلىرىدىن توسىدۇ. ئەگەر ئەقىل تەپەككۇر قىلىشتا چەك تۇرسا«ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار» دائىرىسىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم بىلەن «ئۆزگىرىشچان رايونلار» دائىرىسىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمنى پەرقلەندۈرمەستىن بىدئەتچى دەپ

ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار دائىرىسىدە يېغىلىق يارىتىمەن دېيىش «بىدئەت» سانىلىدۇ، ئۆزگىرىشچان رايونلار خەرىتىسىدە يېغىلىق يارىتىش بىدئەت سانالمايدۇ، بەلكى «ئىجادىيەت» ھېسابلىنىدۇ. بىدئەت بىلەن ئىجادىيەت ئارىسىدا زور پەرق بار. بىدئەتچى گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ، ئىجادىيەتچى ساۋاب ئالغۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان جەمئىيىتىگە رەسۇلۇللاھ (ياخشى ئىش، ياخشى يول) دەپ ئاتىغان نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىپ بېرىدۇ.

دىنىي جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلىش ئاپەتتۇر. دۇنيالىق جەھەتتىن ئىجادىيەت ۋە يېغىلىق يارىتىش زۆرۈر ۋە ۋاجىبتۇر. توغرا يول تۇتقان ئۈممەت دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، دۇنيالىق مەيدانلىرىدا ئىجادىيەت يارىتىدۇ. چۈنكى دىن مۇقىم قىممەتكە ئىگە، ھايات بولسا تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ.

بىدئەت بىلەن ئىجادىيەتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق:

ئىجادىيەت دېگەن: ئىدىيە، بىلىم- مەرىپەت، تېخنىكا، سانائەت، تەرەققىيات ۋە باشقا ئىشلاردا يېغىلىق يارىتىش ۋە كەشپىيات ئىجات قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. يېغىلىق يارىتىش زامان ۋە ماكان بويى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي

قانۇنىيەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ئىجادىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.

بىدئەت دېگەن: قۇرئان، سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە زىت كەلگەن ئىشتىن ئىبارەت.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى رېئاللىققا ئاشىدىغان ئىشلار-گەرچە ئۇ توغرىدا ئېنىق ھۆججەت كەلمىسىمۇ ياكى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر قىلمىغان بولسىمۇ- بىدئەت سانالمايدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەت ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرمىدى. دېمەك، ياخشى ئىشلارنىڭ ئىشكىلىرى ھەر زامان ئوچۇق بولىدۇ.

بىر ئىشنى رەسۇلۇللاھ ياكى ساھابىلەر قىلمىغان بولسا، ئۇ ئىش بىدئەت قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. بىز بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ياكى ساھابىلەر بۇ ئىشنى قىلدىمۇ ياكى قىلمىدىمۇ دەپ ئولتۇرماي، بەلكى توستىمۇ ياكى توسمىدىمۇ؟ دەپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى شەرىئەت توسقان ئىشلار ئاز، بۇيرۇغان ئىشلار كۆپ. سۈكۈت قىلغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس.

قۇرئان، سۈننەتتە ئەسلى بار، لېكىن شەكلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە

زىتلاشمايدىغان ئىشلار بولسا بىدئەت سانالمايدۇ. ئىمام شافىئى بىدئەتنى تونۇشتۇرۇپ يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ دېگەن:

(1). قۇرئان، سۈننەت ياكى ئىجماغا زىت كەلسە، بۇ ئازغۇن بىدئەت سانىلىدۇ.

(2). ياخشى ئىشلار پەيدا قىلىنىپ، يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىگە زىت كەلمىسە چەكلەنمەيدىغان ياخشى ئىش قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە بىدئەت سانالمايدۇ.

قۇرئان، سۈننەتنىڭ ئېنىق ھۆكمىگە، شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە زىت ئىشلار بىدئەت سانىلىدۇ.

شەرىئەتتە ئېنىق ھۆججەت كەلمىگەن ئىشلار يەتتە تۈرلۈك (پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، ھارام، مەكروھ، مۇباھ)شەرئى ھۆكۈمنىڭ بىرسىگە چۈشىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان بىلىم-مەرىپەت، تەجرىبە، تېخنىكا، تەرەققىيات، زامانىۋىلىق، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك مەيدانلىرىدا ئىجادىيەت يارىتىش پەرز قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى شەرىئەتنىڭ مەقسىتى«مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىيانلىق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر».

ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىغا زىتلاشتۇرماستىن تەرەققىيات، ئۆيغىنىش، گۈللىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىقات ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش شەرىئەتنىڭ زۆرۈر مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.
مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇر دەرىجىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ پەتىۋاسى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ پەتىۋاسىغا زىت كەلسىمۇ بىدئەت سانالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاجىز قاراش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما پەتىۋا قۇرئان ياكى سۈننەتتىن ئېنىق ھۆججەتكە ياكى مۇجتەھىد ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئېنىق ئىجماغا زىت كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا خاتالىق ھېسابلىنىدۇ.
مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىزدىنىشى ئاساسىدا چىققان قاراشلار گەرچە ئاجىز بولسىمۇ بىدئەت ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى مۇجتەھىد ئالىملار باشقىچە قاراشتىكى مۇجتەھىد مۇتەپەككۇرلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاجىز دەپ قارايدۇ، لېكىن بىدئەت ياكى ئازغۇنلۇق دەپ قارىمايدۇ. بىرەر مەزھەپتە ئاجىز قاراشنى تۇتۇپ ماڭغان ئادەمنى ئىنكار قىلمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن كۈن ۋە ئاي تۇتۇلۇشتىن باشقا يەر تەۋرەش ۋە قاتتىق بوران چىقىش سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇغان بولسا بىدئەتچى ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ بەزى بىر بۆلەك مۇجتەھىد

ئالىملارنىڭ-گەرچە دەلىلى ئاجىز بولسىمۇ- نەزىرىدە يوللۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلمىغان ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تولۇق بىلمىگەن كىشىلەر بىر ئاز ئوقۇپلا، پالانى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى ئايەت ياكى ھەدىسكە قارشى دەپ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

## 4.زۆرۈر بولغان پايدىلىنىش بىلەن رەت قىلىنىدىغان ئىرىپ كېتىش ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

غەرب دۇنياسى بىلەن قانداق پوزىتسىيىدە بولىمىز دېگەن مەسىلىدە ئىسلام دولقۇنلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. مانا بۇمۇ «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلار»نى ئارىلاشتۇرۋەتكەنلىكنىڭ ئاچچىق نەتىجىسى.

مەسىلەن، تەقلىدچى ئېقىملار يوللۇق ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن چەكلىنىدىغان مەدەنىيەت ئىدىيە ھۇجۇمى ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۋەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسىدە غەرب ھەزارىتىدىن پايدىلىنىشنى رەت قىلدۇ. «ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار»غا سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق نەرسە مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە

هۆجۆمىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەمما ئۆزگىرىشچان رايونلاردا ئىزدىنىش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن هالدا هاياتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، بۇ دىنىمىز تەلەپ قىلىدىغان هەزارەت هەمكارلىقىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى بىلىملىك، تەجرىبىلىك ۋە مۇتەخەسسىس كىشىلەردىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرمۇ ئەرەب، رىم، پارس ۋە باشقىلاردىكى پايدىلىق بىلىم مەرىپەت ۋە ئىجابىي تەجرىبىلەردىن پايدىلانغان.

يەنە بىر تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلار غەرب هەزارىتىنى تاسقىماي ۋە ئىلغىماي پايدىلىنىشقا چاقىرماقتا. بۇلار پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن دىنىي ۋە ئەقلىي جەهەتتىن ئىرىپ كېتىش ئارىسىنى پەرق ئىتەلمەيۋاتىدۇ.

تارىختا بىرەر مىللەتنىڭ باشقىلارنى دوراپ هەزارەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلانمىدى. چۈنكى مەدەنىيەت، شارائىت، تەجرىبە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر تۈرلۈك بولۇپ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئىسلام دىنى تەپەككۇر ئاملى بولغان ئەقىلگە چەكلىمە قويمايدۇ ۋە قىسۋالمايدۇ، بەلكى ئەقىلنىڭ بۇ كائىناتتا هەرىكەتلىنىشنى ۋە نىشانلىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى

تەپەككۇردىن كېيىن يەنە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ، تەپەككۇرنىڭ تۈرلۈك بولىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىجادىيەت يارىتىش ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ بىرى.

دۇنيا تارىخىدىكى قايسى بىر ھەزارەت بۇگۈنكى غەرب ھەزارىتى يەتكەن پەللىگە يېتەلمىگەن. غەرب ھەزارىتى ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە ئىدارە تەرەققىياتىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئىنسانغا ئورۇن ۋە زامانىنى قىسقارتىپ بەردى. ئىلگىرىكى سۇلتانلار ئېرىشەلمىگەن راھەت ۋاستىلىرىنى تولۇقلاپ بەردى. غەرب ھەزارىتى ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ نەتىجىسى.

بىز غەرب ھەزارىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا «ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى»نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىلىم-مەرىپەت، تېخنىكا ۋە ئىدارە...ساھەلىرىدە ئۆگىنىشىمىز ۋە پايدىلىنىشىمىز زۆرۈر. ھېكمەت قەيەردە بولسا، مۇسۇلمان شۇ يەردە. دېمەك، غەرب ھەزارىتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز، ناچار تەرەپلىرىدىن يىراقلىشىمىز لازىم.

***

# ئىدىيە ساۋاتسىزلىقنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە ھەل قىلىش يوللىرى

# ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى خاتا چۈشىنىۋېلىشى «ئۆزگەرمەس رايونلار»بىلەن«ئۆزگىرىشچان رايونلار»نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۆپلىگەن ئىدىيە ساۋاتسىزلىق ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئاڭسىز دىيانەتچىلىك كىشىلەرگە پايدىلىق مېۋە بېرەلمەيدىغان سۇسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئارقىدا قېلىش ۋە ھەزارەت جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش قىيىنچىلىقلىرىغا دۇچ كەلمەكتە. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىش يىلتىزىنى جىددى ئىزدەنمەكتە. بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى «ئەقىدە كرىزىسى» دەپ قارىسا، بەزىلەر«ئىدىيە كرىزىسى» دەپ قارىغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «پىسخىكا كىرىزىسى» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر«ئەخلاق كرىزىسى»دەپ قارىدى، يەنە بىر قىسىم ئالىملار «مەنىۋى كرىزىس»دەپ قارىدى.

يۇقىرىقى دىئاگنوزلارنىڭ ھەممىسى ھەزارەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىش قىيىنچىلىقىنىڭ يىلتىزىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە مۇسۇلمانلارنىڭ

كىرىزىسى«ئىندىيە كېسەللىكى»گە يوشۇرۇنغان. كەلگۈسىگە چۈشكۈن دەۋرنىڭ ئىندىيىسى بىلەن كىرىشكە ئۇرۇنۇش بىزنى تېخىمۇ چېكىندۇرۇۋېتىدۇ، چۈنكى «ئىندىيە» يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاس ياكى ھارۋىنى سۆرەيدىغان تۇلپارنى تەمسىل قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىنى يېڭىدىن شەكىللەندۇرۇپ، قۇرئان ۋە ھېكمەت (ھايات پەلسەپىسى) ھەققىدە تەلىم بەردى. مۇسۇلمانلار ھىجرىيە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىردە ھەزارەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەندە، نۇقسان ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەزمۇنىدىن بەكرەك شەكىلگە، چۈشەنچىدىن بەكرەك يادلاشقا، چۈشىنىشتىن بەكرەك ئاغزىغا سېلىپ بېرىشكە، ئىزدىنىشتىن بەكرەك رىۋايەت قىلىشقا چۆكۈش ئاملى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تەپەككۇر، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەلىم-تەربىيە دائىرىسىنىڭ زىيىنىغا يادلاش، دوراش ۋە ئاغزىغا سېلىپ بېرىش رايونى كېڭىيىشكە باشلىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمان ئەقلىنىڭ ئالدىدا ئىزدىنىش دەرۋازىلىرى ۋە تەپەككۇر دېرىزىلىرى تارىيىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار تەقلىدچىلىك ۋە ئۆتمۈشنى سۆرەپ يۈرۈش دائىرىسىگە قايتتى، شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم

مۇسۇلمانلار ئەقلىي يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەت يارىتىشتىن توختىدى.

شۇنداقتىمۇ ھەر ئەسىردە مۇسۇلمانلارنى تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىشكە يېتەكلەپ تۇرىدىغان مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇر ئالىملار مەيدانغا كېلىپ تۇردى. مەسىلەن، مۇجتەھىد مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ قاتارىدىن ئىمام شاتىبى(1194-يىلى ۋاپات بولغان) كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشەنمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، داڭلىق ئىككى كىتاۋى ئارقىلىق نەقىل (ھۆججەتلەر) بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى خاتا چۈشەنچە ۋە ئۇسۇللارنى ئېلىپ تاشلىغان. ئىمام شاتىبى «مۇۋاپىقات»ناملىق ئەسىرىدە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن ۋاستە چارىلەر ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاساسلىق يۆلىنىشنى يورۇتۇپ بەرگەن. مۇتەپەككۇر شاتىبىدىن بىر ئاز ئىلگىرى ئىبنى تەيمىيە كەڭ ئەقىل ۋە چوڭ قەدەم ئالغان، شۇنداقلا شاگىرتى ئىبنى قەييۇم «ئىئلام مۇۋەققىئىن» ناملىق ئەسىرىدە شۇ يۆنىلىشتە ماڭغان.

يېڭى دەۋردە مۇسۇلمانلار تولىمۇ ئارقىدا قالغان. بۇنىڭغا قارىتا بارلىق ئىسلام ئەللىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى بارلىققا كېلىپ، تۈرلۈك

يۆنىلىشتە قەدەم باسقان. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ يۆلىنىشلىرىگە قارىغان ئادەم خېلى ئۈمىدكە كېلىدۇ، لېكىن كۆپلىگەن ياشلارنىڭ دىنىنىڭ مەقسەتلىرىدىكى ئۆلچىمىنى تەتبىقلاشتا بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنقى تارىخنىڭ تەسىرى ئايرىلمىغان دىيانەتچىلىك كېسىلىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ياشلاردىكى دىيانەتچىلىك ئاقىلانىلىقتىن بەكرەك ھېسسىياتچانلىق، پروگراممىدىن بەكرەك شوئار، ئەمەل ۋە ئۇتۇقلاردىن كۆپرەك ئارزۇلار بىلەن توشۇپ كەتكەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان.

ئىسلام ئويغىنىش ياشلىرىدا خاتا ئورۇندا ھازىر بولۇش، مۇھىم ئورۇندىن غايىب بولۇش، يۇمشاق ئۇسۇل ئىشلىتىدىغان يەردە قاتتىق، قاتتىق ئۇسۇل ئىشلىتىدىغان يەردە يۇمشاق ئۇسۇل ئىشلىتىش، ئارقىغا سۈرىدىغان ئىشلارنى ئالدىغا قويۇۋېلىش، كىچىك ئىشلارنى چوڭايتىۋېتىش، چوڭقۇرغا چۆكمەي يۈزەكى بولۇشقا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىش ئۇتۇقلىرىنى ۋەيران قىلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدىيە كىرىزىسىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

ساۋاتسىزلىق بىلىمسىزلىكتۇر، ئىدىيە ئەقىلنىڭ ھەرىكىتىدۇر. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى-ھۆججەتلەرنى چۈشىنىش ۋە رېئاللىقنى ئېنىق بىلىشتىكى ئەقىلنىڭ ھەرىكىتىنى ئىشقا سالماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئايەت-ھەدىسلەرنى خاتا چۈشىنىش ۋە رېئال ھاياتقا خاتا باھا بېرىش نەتىجىسىدە ھۆججەتلەرنى رېئاللىققا توغرا يول بىلەن تەتبىقلىيالماسلىق، تارماق مەسىلىلەرنى پرىنسىپال ئاساسلارغا ۋە ۋاستە چارىلەرنى مەقسەتلەرگە بويسۇندۇرۇپ چۈشىنىشتىن ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى شۇ كىشىنىڭ ئېڭىدا كەڭرى دائىرىلەرنى تارايتىشقا، ئىككى تەرەپلىمىلىك مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا كۆپلىگەن ئىدىيە ۋە ئىش-ھەرىكەت رايونلىرىنى سىقىشقا سەۋەب بولىدۇ.

# ئىدىيە ساۋاتسىزلىقنىڭ بەلگىلىرى

ئىدىيە ساۋاتسىزلىق ئالامەتلىرى: ئىككى تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە كۆپلىگەن كەڭرى رايونلارنى تارايتىۋېتىش دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

ئىككى تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 5 تۈرلۈك مەسىلىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:

(1).ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

(2).دۇنيانى گۈللەندۈرۈش بىلەن دۇنياغا ئىبادەت قىلىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

(3).تەۋەككۈل قىلىش بىلەن سۇسلۇق قىلىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

(4). پەرز قىلىنغان مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن قوبۇل قىلىنمايدىغان ئاشقۇنلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

(5).ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن مەدەنىيەت ھۇجۇمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

بۇ ئەسىردە كۆپلىگەن ياشلار ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەرىپەتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا شاخچە مەسىلىلەرنى پرىنسىپال ئۇقۇمنىڭ، تارماق

مەسىلىنى ئاساسلىق قائىدىلەرنىڭ، ۋاستە-چارىلەرنى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاستىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن مەرىپەت جەھەتتىن چىرىپ كېتىش ۋە ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچراشتەك ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى كەمتۈك چۈشەنچىنىڭ ئاچچىق نەتىجىسى بولغان كۆپلىگەن كۆرۈنۈشلەر ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاقتا ئايلىنىپ قالدى.

(1)

## ئىككى تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش

1.ئۆزگەرمەس رايونلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسىنى «ئىسلام ئىدىيىسىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان رايونلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى» ناملىق ماقالىدا توختالدۇق.

2.دۇنيانى گۈللەندۈرۈش بىلەن دۇنياغا ئىبادەت قىلىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

ئىنسانىنى يارىتىشتىكى چوڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرسى دۇنيانى گۈللەندۈرۈش:«ئاللاھ سىلەرنى

زېمىندىن ياراتتى ۋە سىلەرنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى»(ھۇد،61-ئايەت). يەنى زېمىننى گۈللەندۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. بىراق بۇ دائىرىنى پەرق ئېتەلمىگەنلەر زاھىدلىق باھانىسى بىلەن دۇنيانى خاراب قىلىشقا چاقىرغان ۋە ھەرىكەت قىلغان.

ئەمەلىيەتتە دۇنيانى ئاۋات قىلىدىغان ئادەم گەرچە مىليارد پۇلغا ئىگە بولسىمۇ، دۇنيا بىلەن ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئامىلىدە بولىدۇ. بىراق كىمكى ھالال-ھارامنى ئايرىماستىن دۇنيا لەززەتلىرىگە چۆمۈپ كەتسە،-گەرچە ھېچ نەرسىگە ئىگە بولمىسىمۇ- دۇنياغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

دېمەك، زاھىدلىق دۇنيانىڭ زىننىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە كەتكەن ۋاقتىنىڭ ھەجمى بىلەن ياكى توپلىغان مال-دۇنيانىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى مال-دۇنيا بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىسلام كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلغانلىق مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر ئىسلام كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلالىسا، دۇنيانى قولىدا باشقۇرالايدۇ، ئەگەر ئىسلام كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلالمىسا، مال-دۇنيا قەلبىنى ئىگىلەپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مال-دۇنياغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

مال-دۇنيانى تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارىلىشىپ كېتىپ قالسا، مەيلى زاھىدلىق باھانىسى بىلەن دۇنيادىن ئايرىلغانلار تەرىپىدىن بولسۇن، ياكى ئىسلام كۆرسەتمىسىگە رېئايە قىلماستىن دۇنياغا دۇم چۈشكەنلەر تەرىپىدىن بولسۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىدۇ.نەتىجىدە تەبىقە پەرقى شەكىللىنىپ، ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، توقۇنۇش ئەۋج ئالىدۇ. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتىكى ھەرىكەتچانلىقنى يوقىتىۋېتىدۇ.

ھەقىقى زاھىدلىق دېگەن-تاللاش توغرا كېلىپ قالسا- پرىنسىپال قائىدە ۋە يۇقىرى قىممەت-قاراشنى مال دۇنيا ۋە مەنسەپكە ساتماسلىقتىن ئىبارەت. زاھىدلىق مال-دۇنيانىڭ ئازلىقى بىلەن بولمايدۇ، بەلكى قەلبىنىڭ مال-دۇنياغا بېرىلىپ قۇل بولۇپ كەتمەسلىكىدىن بولىدۇ. مال-دۇنيا قەلبىنى ئىگىلىۋالماي قولدا كۆپلەپ تېپىلسا نېمىدېگەن ياخشى نەرسە ھە!. دۇنيانى ياخشى چۈشىنىش دىنغا خىزمەت قىلىشنىڭ قىسقا يولى ھېسابلىنىدۇ.

## 3.تەۋەككۇلچىلىك بىلەن سۇسلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

تەۋەككۇلچىلىك: مۇسۇلماننىڭ بارلىق سەۋەبلەرنى«ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ»دېگەن ئېتىقادتا ئىشقا سېلىشى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا يۈزلىنىدۇ.

سۇسلۇق قىلىش: سەۋەب-چارىسىنى قىلماي ئاغزىدىكى سۆز ۋە قەلبىدىكى ئېتىقادى ئارقىلىق ئاللاھقا يۆلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشى، چۈنكى مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقى شۇ ئادەملەرنى تەقدىرگە تەقدىر بىلەن قارشى تۇرماستىن، كۆپۈككە ئوخشاش بوشاڭ قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىنساننى زېمىننى ئاۋات قىلىش، ھاياتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۈمىد قىلىنىۋاتقان ھەزارەت ئويغىنىشىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

## 4. پەرز قىلىنغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن رەت قىلىنىدىغان ئاشقۇنلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش:

بىر بۆلەك دىيانەتلىك كىشىلەر، دىنىنىڭ قىممەت-قارىشىغا ئېسىلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن دىنىنىڭ قىممەت-قارىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە رەت قىلىنىدىغان ئاشقۇنلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەۋەبىدىن ئاسانلىقتىن قىيىنلىقنى ۋە رۇخسەتتىن قاتتىقلىقنى كۆچلەندۈرۈشكە بېرىپ قالغان. بىر بۆلەكلىرى مەقسەتنىڭ زىيىنىغا شەكىل بىلەن، چوڭ ئىشلارنىڭ ئورنىغا كىچىك ئىشلار بىلەن ياكى ھېچ بولمىغاندا چوڭ ئىشلارنى كىچىك ئىشلار بىلەن باراۋەر قىلىپ قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئاۋارە بولىدىغان باسقۇچقا يەتكەن.

ئۆزىنى ئاقلاش، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش ۋە باشقىلارغا يامان گۇماندا بولۇش سەۋەبىدىن بىر بۆلەك دىيانەتلىك كىشىلەر دەۋەتچىلىكتىن قازىلىققا تەرەققى قىلىپ، ماۋۇ كىشىلەر جەننەت ئەھلى، ئاۋۇ كىشىلەر دوزاخ ئەھلى دەپ ھۆكۈم يۈرگۈزگەن. ئۆزىمىزنىڭ قازى ئەمەس بەلكى دەۋەتچى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

## 5.ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمىنى ئاربلاشتۇرۇۋېتىش:

غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتا، مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلەر شەرئەت پەرز قىلىۋاتقان ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن، رەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمى ئارىسىنى ئاربلاشتۇرۇۋېتىش پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان.

ھەزارەت ھەمكارلىقى: گەرچە ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتى ئىسلام ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتىگە زىت كېلىدىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش بايرىقى كۆتۈرمەيدىغان جەمئىيەتلەر بىلەن تەڭ ئورتاق ئالاقە ئورنىتىپ؛ مېدىتسىنا، ئىنژېنېرلىق، فىزىكا، خىمىيە ۋە ئاسترونومىيىگە ئوخشاش تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ھاياتنى ئاسانلاشتۇرغان ۋە كىشىلەرگە راھەت تۇرمۇش يارىتىشتا ھەسسە قوشقان بۇ پەنلەرنىڭ نەتىجىسى بولغان تېخنىكا مەيدانلىرىدىكى پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ.

بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار مۇشۇ ساھەلەردە پايدىلىنىشنى غەربنىڭ مەدەنىيەت ھۇجۇمى دېگەن باھانىدا رەت قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ پايدىلىق ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن زىيانلىق مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمىنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكتىن ئىبارەت.

ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى سىياسى ئىدىيىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي پەنلەردە تېخىمۇ نامايان بولىدۇ. غەربنىڭ دىموگراتىيە تۈزۈلمىسىدە ئەركىنلىك تەرەققى قىلىپ، بۈگۈنكىدەك سايلام ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. غەربنىڭ سايلام ئۇسۇلى-گەرچە ئەيىب نۇقساندىن خالى بولمىسىمۇ-كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشتا ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى كۆرسىتىشتە ھازىر بار بولغان ئەڭ ئىلغار چارىلەردىن ئىبارەت. دېمەك، بۇ شەرىئەتنىڭ روھىغا زىت كەلمىگەنىكەن مۇسۇلمانغا نىسبەتەن يۈتتۈرۈپ قويغان ھېكمەتتۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسانىي ئورتاقلىققا تەۋە ئىشلارنىڭ قاتارىدىن. غەرب دۇنياسى ئۇزۇن يىللىق قانلىق ئۇرۇش ۋە مول تەجرىبىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي تەجرىبە.

دېمەك، (ئىسلام روھىغا زىت كەلمەيدىغان) دىموكراتىيە ئۇسۇل-چارىلىرى ۋە تېخنىكا نەتىجىلىرى ھەزارەت ھەمكارلىقىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەمما ئىلمانىزىملىق(سىكۇلارىزىم)، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي پارچىلىنىش-گەرچە

ئەركىنلىك شوئارى ئارىسىغا قىسىلىپ كىرسىمۇ- مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ھۇجۇمىنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

***

(2)

# كەڭرى رايونلارنى تارايتىۋېتىش مەيدانلىرى

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ئىنسان، ھۆججەت ۋە رېئاللىق ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانىنىڭ چۈشەنچىسىنى تار قىلىپ قويىدۇ ۋە كۆپلىگەن كەڭرى رايونلارنى تارايتىپ قويىدۇ. ئەسلى كەڭ بولۇپ تارايتىلغان مەيدانلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى:بىلىم- مەرىپەت دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش:

قايسى بىر ئادەم ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرىگە بىر قاتار نەزەر تاشلىسا، ئىسلام دىنىنىڭ مەيلى ئاللاھنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ھەر قانداق ئىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىدىيىسى ئاللاھنىڭ ھوقۇقىنى رېئاللىقتا ئاشۇرىدىغان دىنىي پەنلەر بىلەن كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدىغان تەبئىي پەنلەرنىڭ

ئارىسىنى ئايرىپ قارىمايدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ رىئاللىقىغا قارايدىغان بولساق، ئىككى ھەق ئارىسىنى قىسمەن ئايرىۋەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز:

(1). بىلىم- مەرىپەتنى دىنىي پەنلەرگە چەكلەپ قويۇش:

كەمتۈك دىيانەتچىلىك غەربنىڭ دىن بىلەن ھاياتنى ئايرىپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئىلمانىزملىق(Secularist)نى تەنقىد قىلىدىغان بىر تۈركۈم ياشلارنى پەيدا قىلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى دىن بىلەن ھاياتنى ئايرىيدىغان ئىشلارغا ئىسلام ئىدىيىسى بايرىقى ئاستىدا ئاڭسىزلارچە ئىسلام پەرز قىلغان بىلىم-مەرىپەتنى شەرىئەت بىلىملىرىگە قىسقارتىپ، كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش ۋە ھاياتنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشىدىغان تەبىئىي پەنلەردىن ئايرىشقا ئاساس سالماقتا. بۇ ياشلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام پەرز قىلغان بىلىم-مەرىپەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەر بولۇپ كۆرۈنمەكتە، ھاياتنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاقىدار بىلىم-مەرىپەتلەر پەرز قىلىنغان بىلىملەر دائىرىسىگە كىرمەيدىغاندەك تۈرلۈك قاراشتا بولۇشماقتا. بۇرۇنقى ئالىملار بولسا، تۈرلۈك ئىلىم-پەنلەرنى ئۆگىنىشنى پەرز كۆپايە،

مۇسۇلمانلار ھەر بىر پەندە مىللەتنىڭ ھاجىتىدىن چىققىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈشنى پەرز دەپ قارايتتى. بۈرۈنقى ئالىملارنىڭ ئىدىيىسىدە دىن بىلەن دۇنيا ئىبادەت ئۇقۇمىدا بىرلىشىپ ماڭغان، ھاياتقا ئالاقىدار پەنلەر دىنى پەنلەردىن ئايرىلمىغان. ئەپسۇسكى بۇ مەسىلە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەتتە ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەت ئويغىنىشتىكى چىقىش يولى دىنىي پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى بۈرۈنقىدەك بىرلەشتۈرۈش ۋە بىلىم- مەرىپەتلەرنى بىر بىرىدىن ئايرىماسلىقتىن ئىبارەت.

### (2). فىقھى(چۈشەنچە) دائىرىسىنى يەككە فىقھىگە چەكلەپ قويۇش:

قۇرئان كەرىم فىقھى ئۇقۇمىغا ئىشارەت قىلىپ:«ئايەت ۋە مۆجىزلىرىمىزنى چۈشىنىدىغان ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تەپسىلى بايان قىلدۇق»دېگەن(ئەنئام سۈرىسى، 98-ئايەت). رەسۇلۇللاھمۇ فىقھى ئۇقۇمىنى ئىشلىتىپ:«ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق ئاتا قىلسا، ئۇنىڭ دىنغا قارىتا چۈشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ» (مۇسلىم ۋە تىرمىزى بايان قىلغان)دېگەن ئىدى. چۈنكى فىقھىنىڭ دائىرىسى

كەڭرى بولۇپ ئىسلام ۋە ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرى سىغقۇدەك كەڭ ئىدى، بىراق فىقھى ئۇقۇمى تارىيىپ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «ئىبادەت فىقھىسى» ۋە بەزى «سودا سېتىق فىقھىسى» بىلەن چەكلىنىپ قالدى. ئىنسان پىسخىكىسى، ھايات مەيدانى، كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ جەمئىيەتلەردىكى سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان فىقھى، ھەزارەت پىقھىسى، شۇنداقلا سىياسى چۈشەنچە فىقھى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىبادەت فىقھىسىدىكى تەتقىقات زورىيىپ، سېمىزلىكتىن ئۆلگىلى تاسلا قېلىۋاتىدۇ، بىراق ھايات قانۇنىيەتلىرى ۋە سىياسىي فىقھى كەمچىللىك ۋە نادىرلىقىدىن ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكىلى تاس قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە مەدەنىيەت مۇستەملىكىسىگە مۇناسىپ شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئىدىيە يېتەكچىلىرى بىلەن سىياسىي يېتەكچىلەر ئارىسىدا تەدرىجى ئايرىلىش باشلىنىپ، قاتماللىق ۋە دورامچىلىقنىڭ نامايان بولىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن **نىسبىي** ئىدىيە ئايرىمچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.قاتماللىق ۋە دورامچىلىق سىياسى يېتەكچىلەرنىڭ

مۇستەبىتلىكى بىلەن بىرلىشىپ ھەزارەت جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، چۈنكى ئالدىغا ئىتتىرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ئاجىزلىشىپ، دورامچىلىققا مايىل بولۇش ۋە ھەۋەسكە ئەگىشىش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىدىيە يېتەكچىلىرى دىنىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىنى ئەقىدە بىلىمدىن ۋە بىر پۈتۈن پرىنسىپال ھەزارەت قارىشىدىن ئايرىم ھالدا ئىبادەت ياكى سودا سېتىق تېمىلىرىدىكى فىقھى پەنلەرگە مەركەزلەشتۈرۈۋالغان.

ئىجتىمائىي ھاياتنى يېتەكلەيدىغان ۋە ھايات ھەرىكىتىگە ھىدايەت ۋە كۆرسەتمە تەقدىم قىلىپ تۇرىدىغان ئەقىدە ئىلمىنىڭ رولىنىڭ يوقىلىشى ئىسلام دىنىنى-بولۇپمۇ ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدىكى ئالاقە مەيدانىنى-خاتا چۈشىنىۋېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن. بۇ ھالەت ئىسلام ئېقىملىرى ئارىسىدا يەككە فىقھى بىلەن كوللېكتىپ فىقھى ئارىسىنى ئايرىپ قاراشقا سەۋەب بولغان، ئۇنىڭدىن سىرت زامانىۋىلىشىش ۋە ھاياتنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى كوللېكتىپ ئەخلاقنىڭ زېمىنىغا يەككە ئەخلاق كېڭىيىپ، ئۇممەتنىڭ بىرلىكىنى

ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئىختىلاپتىن باشقىسىغا ئىتتىپاقلاشمىغان تۈرلۈك ئېقىم ۋە پارتىيىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئاكتىپ ھەسسە قوشقان.

مۇشۇ خىل شارائىتتا كۆپلىگەن پەرز كۈپايىلەر گەرچە ئۈلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ سەل قارىلىپ، پەرز ئەينى بولغان ئىبادەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلدى، بولمىسا بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزنىڭ نەزىرىدە باشقىلارغا پايدىسى يېتىدىغان ئىبادەت پايدىسى يەككە بولىدىغان ئىبادەتتىن ياخشى ئىدى.

فىقھى دائىرىسىنىڭ تارلىقى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي فىقھىگە سەل قاراشتىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي فىقھىنىڭ سەل قارىلىشى قايسى ئىشلارنى بۇرۇن قىلىشنى بىلىش ئۇقۇمىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

## (3). ئاسانلاشتۇرۇش دائىرىسىنىڭ تارلىقى:

ئورۇنسىز چەكتۈرۈۋېلىش ۋە ئىجتىھادى مەيداندا قاتتىق كەسكىن تۈرۈۋېلىشنىڭ يىلتىزىغا قارىساق، ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى بىلەن ئاشقۇنلۇق

ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار، چۈنكى ئىدىيە ساۋاتسىزلىق ئىگىسىنى مېتودسىز مەلۇمات توپلاشقا ھېرىسمەن قىلىپ قويىدۇ، شۇڭا مەلۇماتنى مېتودلۇق ھالدا رېئاللىققا تەتبىقلاشقا ئىقتىدارى يەتمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار باسقۇچقا ۋە نىسپىيلىككە قاراپ ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ. توپ نەرسە ساتىدىغان تىجارەتچىلەرگە ئوخشاش كىشىلەردىن كۆز- قاراشلىرىنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلىشنى ياكى بىر پۈتۈن رەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەخسلەر، ئىدىيىلەر ۋە نەرسىلەر بىلەن ئاق ياكى قارا دېگەن ئىككى تۈرلۈك رەڭ بىلەنلا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ رەڭدە يا ياخشى يا يامان دېگەن سۆز چىقىپ تۇرىدۇ، يا پەرز يا ھارام دېگەن ئاتالغۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ خەرىتىسىدە باشقا رەڭ ۋە باشقا ھۆكۈملەر كۆرۈنمەيدۇ.

ئاشقۇنلۇق ۋە ھارام تەرىپىنى كۈچلەندۈرۈش ئىدىيە ساۋاتسىزلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇڭا قۇرئان كەرىم ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ راھىبلىشىپ كەتكەن خرىستىيانلارنى ئازغۇن دەپ سۈپەتلىگەن. ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ خىل تۈردىكى ئاشقۇنلۇقتىن توسۇشقا بۇيرۇپ:«(ئى مۇھەممەد!)ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە

ناسارالار)دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» دېگىن» دەيدۇ (مائىدە سۈرىسى، 77-ئايەت).

ئىسلام دىنى تەسلەشتۇرۇش ئەمەس، ئاسانلاشتۇرۇش ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر دىن. ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ نەچچە خىل كۆز-قاراشنى قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىدە ئاشقۇنلۇق قىلىشى ۋە ئىختىلاپى مەسىلىلەرنى جەمئىيەتتە قوزغىشى ئىسلامنى چۈشەنمىگەنلىك ۋە رىئاللىقنى ھېس قىلمىغانلىقنىڭ دەلىلى.

ئاشقۇن كىشى ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى سەۋەبىدىن ئازغىنا ئۆزگەرمەس پرىنسىپال رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بەزى مەسىلىلەردە توغرا كۆز-قاراشنىڭ نەچچە خىل بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ، مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ ئىزدىنىش جەريانىدا خاتالىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايقىمايدۇ. شۇنداقلا ساھابىلەرنىڭ ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشەققەت پەيدا

قىلىدىغان ئىزدىنىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئاسانچىلىق ئىلىپ كېلىدىغان ئىزدىنىشنى تەستىقلايدىغانلىقىنى تونۇمايدۇ. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقتا ئۇچرىغان كىشى مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەب-ئەخلاقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

دېمەك، ئاڭسىزلىق ۋە بىلىمسىزلىك بىلەن ئاشقۇنلۇق ئارىسىدا قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسى تەكىتلەيدۇ:«ئاللاھ مېنى قىيىنلاشتۇرغۇچى ۋە جاپا سالغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، مېنى ئاسانلاشتۇرغۇچى مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتتى» (مۇسلىم بايان قىلغان).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئاسانلاشتۇرغۇچى مۇئەللىم، شۇڭا ئاشقۇنلۇق نادان ۋە ئاڭسىز كىشىلەر بىلەن باغلاندى. ئاسانلاشتۇرۇش فىقھشۇناسلار ۋە ئالىملار بىلەن باغلاندى. رەسۇلۇللاھ دىندا ئالىم بولۇشقا دۇئا قىلغان ۋە قۇرئاننىڭ تەرجىمانى دەپ ئاتالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس دىنىنىڭ مەقسەتلىرىنى بەكرەك ئاڭقىرىش نۇقتىسىدىن ساھابىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىمى ۋە ئاسانلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ يېتەكچىسى دەپ ئاتالدى.

مۇجتەھىد، ھەدىسشۇناس ۋە ئالىملارنىڭ ئۇستازى دەپ نام ئالغان كاتتا ئالىم سۇفيان سەۋرى:

«ئىلىم دېگەن ئىشەنچ ئاساسىدا رۇخسەت تەرىپىنى تۇتۇشتۇر، ئاشقۇنلۇقنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ» دېگەنىكەن. دېمەك، ئاشقۇنلۇق-مەيلى ئۇ ئادەم نادان بولسۇن ياكى چۈشەنمەي يادلىغۇچى بولسۇن-چۈشەنمەسلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىدۇر. دىيانەتلىك ئادەمدە چۈشەنچە ئاجىزلاپ كەتسە، بوش ئورۇننى ھېسسىيات ئىگىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ياشلار ياخشى نىيەت بىلەن ئىسلامغا كۆيۈنۈش، شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەتبىقلاش ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىش تۇيغۇسى بىلەن تارماق ئىشلارغا پرىنسىپال مەسىلىدەك، ۋاسىتە-چارىلارغا مەقسەتلەردەك مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇنكەر (چەكلەنگەن ئىشلار)نى ھەجىمىدىن چوڭايتىۋېتىدۇ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى جىددى ئىشلار فىقھىسىنى چوڭايتىشقا مايىل بولىدۇ، دائىم ئېھتىيات ئۇسۇلىغا قىزىقىدۇ، ئۆزى بىلەن كۇپايىلەنمەي باشقىلارنىمۇ شۇ يولغا پۈتۈن كۈچى بىلەن چاقىرىدۇ. بۇ ئىشلار نەتىجىدە قىيىنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاسانلاشتۇرۇش دائىرىسىنى تارايتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلار سەپىرىدىكى ئاشقۇنلۇق ۋە باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىش تارىخىغا قارىساق بۇ كېسەل نەخ بار ئىدى. مەسىلەن، خاۋارىجلارغا قارىساق ئۇلاردا ئىخلاس كىرىزىسى ئەمەس،

فىقھى كىرىزىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋىجدانى بۇزۇق ئەمەس، ئىدىيىسى بۇزۇق ئىدى. بۈگۈنكى دەۋردىكى ئاشقۇنلۇقنىڭ بىرىنچى سەۋەبى دىنىنىڭ مەقسىتى ۋە ھەقىقىتىنى ئېنىق بىلمەسلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز.

خاۋارىجلار توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ:«ئۇلار ئۆزلىرىگە سېلىشتۇرۇپ سىلەرنىڭ نامىزىڭلار، روزاڭلار ۋە قىرائىتىڭلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇغان بىلەن گېلىدىن ئۆتمەيدۇ (تەپەككۇر بىلەن ئوقۇمايدۇ)، ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك ئىسلامدىن تېز چىقىپ كېتىدۇ»دېگەن ئىدى(بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان). شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە بۇ ھەدىسكە ئىلاۋە بايان قىلىپ:«رەسۇلۇللاھ دېگەندەك، خاۋارىجلارنىڭ ئىبادەت ۋە تەقۋالىقتا ساھابىلەردىنمۇ ئارتۇق تىرىشچانلىقىدا شەك يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىبادىتى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغاچقا، ئۇلارنى دىندىن چىقىپ كېتىشكە باشلاپ بارغان» دېگەن. (ئىبنى تەيمىيە:ئىستىقامە،138-بەت).

ھەدىسنىڭ سۆپەتلىشى ۋە ئەمەلىي رېئاللىقتا قارىساق ئىدىيە بۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى قۇرئان كەرىمنى قوبۇل قىلىشتىكى قۇسۇر ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرئاننى تەپەككۇر قىلماي

ئوقۇيتتى، مەنىسىنى ئاڭقىرماي يادلايتتى، شۇڭا قۇرئان بۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمىگەن، يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى پەرۋاسىزلىق قىلماي ئوتتۇراھال يول تۇتۇش مېتودى بويىچە ئۇلارنىڭ ئەقلىدە ئاڭ ۋە قەلبىدە بويسۇنۇش پەيدا بولمىغان. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن رەسۇلۇللاھ رازى بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ساھابىلەرنىمۇ ئايرىپ قويماي-مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىۋەتكەن. مانا بۇ ئۇ كىشىلەردە توغرا فىقھىنىڭ بولمىغانلىقىغا پاكىت. يېڭى دەۋرىدىمۇ بىر بۆلەك مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىدا ئاشقۇنلۇق ۋە كاپىرغا چىقىرىۋېتىش ئىدىيىسى بىلىمسىزلىك ۋە ئىدىيىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرۈنمەكتە. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىدۇر، بەزى ئەللەردىكى تۈرلۈك قىيىن قىستاق كاپىرغا چىقىرىۋېتىش ئىدىيىسىنى تېز پۇشۇرۇۋەتكەن ھارارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاسانلاشتۇرۇش دائىرىسىنى تارايتىشقا ھەسسە قوشقان ئامىللارنىڭ قاتارىدىن، ئاساسلىق مەسىلىلەرنى بىلمەي تۇرۇپ تارماق مەسىلىلەردە چوڭقۇرلاپ كېتىش ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ كىچىك ئىشلاردا كۆپ ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا توغرا چۈشەنچىنىڭ

ئاساسلىرىنىڭ بىرى بۇندىن كېيىن بىرەر ئىشقا ئاساس بولمايدىغان پايدىسى يوق ئىشلاردا كۆپ ئاۋارە بولۇشتىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە رىئاللىقنى چۈشىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈش لازىم.

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىغا يولۇققان كىشىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ياخشى چۈشىنەلمەيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئالىملار، فۇقاھالار (قانۇنشۇناسلار) ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ قاراشلىرىنى خاتا چۈشىنىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ.

دېمەك، ئاسانلاشتۇرۇشتىن قىيىنلاشتۇرۇشنى كۆچلەندۈرۈش ۋە قولايلىقلاشتۇرۇشتىن تەسلەشتۈرۈشنى ئالدىغا قويۇش ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە يىلتىزى بار كىرزىسلاردىن ئىبارەت.

## ئىككىنچى: ئەمەل دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇش:

بىلىم-مەرىپەت دائىرىسى تارايغاندا خىزمەت ۋە ئەمەل دائىرىسىنىڭ تارىيىدىغانلىقى ئېنىق بىر مەسىلە. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «ھايات مەيدانى»دىكى ئاللاھغا ئىبادەت قىلىش «ناماز»بىلەن چەكلىنىپ قالغان. كۆپلىگەن كەڭرى دائىرىلەر

نادانلىق سەۋەبىدىن تارىيىپ كەتكەن. تۆۋەندە بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ كۆرەيلى:

(1).خىزمەت دائىرىسى دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالماي ئاخىرەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان:

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ئالىملارنى هاكىملاردىن ئايرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى ئايرىپ قاراش ئالىملار بىلەن هاكىملار ئارىسىدىكى هاڭنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتكەن. مىلادىيە 12-ئەسىردىن تارتىپ ئىلىم-پەن دائىرىسىنىڭ تارىيىپ كېتىشى دۇنيا ئەمەللىرى بىلەن ئاخىرەت ئەمەللىرىنى ئايرىپ قارايدىغان ئىشنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئېلىپ بارغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىدە ئىبادەت ئۇقۇمى هايات مېهرابىدىن ناماز مېهرابىغا تارىيىشقا باشلىغان، هاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ هوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئىبادەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كەڭرى ئۇقۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىر قانچە يېڭىلىق هەرىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ قاتارىدىن ئىبنى تەيمىيە «ئىبادەت ئۇقۇمى»ناملىق كىتابىدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە

ئاللاھنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى ئارىسىنى ماسلاشتۇرغان.

20-ئەسىردە بىر قانچىلىغان ئىسلاھات ئېقىملىرى مەيدانغا كېلىپ مۇشۇ ساھەدە ماڭغان. مۇتەپەككۇر مەۋدۇدى«تۆت ئاتالغۇ» ناملىق كىتابىدا (ئىلاھ، پەرۋەردىگار، دىن ۋە ئىبادەت)دېگەن ئاتالغۇدىن چاڭ توزانلارنى تازىلاشقا ئۇرۇنغان.دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋى «ئىسلامدىكى ئىبادەت»ناملىق كىتاۋىدا ئىبادەت پەلسەپىسىنى كەڭرى تونۇشتۇرغان.

چۈشەنچە كەمچىلىكىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى قاتارىدىن كوللېكتىپ ئىبادەتنىڭ زىيىنىغا يەككە ئىبادەتكە ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ھاياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زىيىنىغا ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئىسلامنى پارچە شەكىلدە تەقدىم قىلىشقا ئامراق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاللاھنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە مايىل بولىدۇ.

ئاخىرەتنى گۈللەندۈرۈش باھانىسى بىلەن دۇنيانى خاراب قىلىشقا مايىل بولۇش ئېغىر خاتالىقتىن ئىبارەت. ھاياتنى گۈللەندۈرۈپ ۋە كىشىلەرگە خىزمەت قىلىپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ

هوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلغىلى بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ هوقۇقىمۇ ئاللاھنىڭ هوقۇقىنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن قانۇنشۇناس ئالىملار كوللېكتىپنىڭ هوقۇقىنى ئاللاھنىڭ هوقۇقى دەپ قارىغان.

### (2). ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىش دائىرىسىنىڭ تارلىقى:

ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىش ئۇقۇمىمۇ كۆپ تارىيىپ كېتىشكە ئۇچرىغان، مانا بۇمۇ ئاللاھنىڭ هوقۇقى بىلەن ئىنسانلارنىڭ هوقۇقىنى ئايرىشنىڭ زىيىنىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، كۆپلىگەن بايلار مەسچىت سېلىش ۋە مەسچىتنى ياساشقا بەسلىشىدۇ. بىراق كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان جىددى بولمىسا بولمايدىغان مەكتەپ،دوختۇرخانا، ئۇنىۋېرستېت، تەتقىقات ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرى، كۇتۇپخانا ۋە يېتىم-يېسىرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئوخشاش...ئامىمىۋى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا كۆپلىگەن ئادەملەر پەرۋا قىلمايدۇ.

مانا بۇمۇ دىنىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقنىڭ سەۋەبى. چۈنكى ئاللاھنىڭ هوقۇقى بىلەن ئىنسانلارنىڭ هوقۇقىنى ئايرىۋېتىش، ئىسلام دىنىنى

هايــاتنى گۈللەنــدۈرۈش ۋە ئومۇميۈزلــۈك ئىنســان ھوقۇقىغــا ئەھمىــيەت بەرمەيــدىغان، پەقەتــلا ئــاخىرەتلىككە كۆڭــۈل بۆلــدىغان دىنغا ئوخشــتىپ قويغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئــاللاھ يولــدا خىــراجەت قىلىــش ئۇقــۇمىنى تارايتىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن زاكات مەسلىسىدە بەزى بىــر قاتمــال كــۆز-قاراشــلار پەيدا بولغــان. چــۈنكى ئــۇلار دىنىنىــــڭ مەقســــىتى، كىشــــلەرنىڭ ھــــاجىتى ۋە رېئاللىقنىــڭ ئۆزگىرىشــلىرىگە رېئــايە قىلماســتىن ھۆججەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن،بەزىلەر ھەدىســتە كەلــگەن ئەرەب دىيارىــدىكى چەكلىــك يېــزا-ئىگىلىك ۋە مېۋە-چىۋە زاكاتلىرىدا چىڭ تۇرىدۇ. پاختا، چىلان، ياڭاق، مېۋە-چىۋە، قاشتېشى، ئالما، مېھمانخانا، ئاشخانا... دېگەندەك ئىقتىسادىي ئۇنۇمى كۆپ نەرسىلەرگە سەل قارايدۇ. («ئىسلامدىكى مەسئۇلىيەت پەلسەپىسى» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ).

## (3).غەلىــبە ســەۋەبلىرىنىڭ دائىرىســىنى تارايتىۋېتىش:

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىغا يولۇققان بىر قىسىم كىشىلەر، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھغا بولغــان ئىمــاننى كۈچەيتىشــكە ئەھمىــيەت بېرىــپ؛

ھاياتنى گۈللەندۈرۈش، سىياسى ئەركىنلىك ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتتىن ئىبارەت ئاللاھ زېمىندا ياراتقان قانۇنىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. غەلىبە بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك، ئىككىلى دۇنيادا غەلىبە قىلىش كېرەك. مۇسۇلمانغا بۇ دۇنيادىمۇ بەخت-سائادەت لازىم.

بەزى زاھىدلار:تەۋەككۈلچىلىكنى سەۋەب قانۇنىيىتىدىن پۈتۈن ئۈزۈپ تاشلاش لازىم دەپ قارايدىغانلار بار، بۇ دىننى چۈشەنمىگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ سەۋەب قانۇنىيىتىنى قوللىنىپ غارغا كىرىۋالغان، ساۋۇت چاپانلارنى كىيگەن ۋە ئۇرۇشتا تاكتىكا ئىشلەتكەن. قەلبىنى ئاللاھغا باغلاپ تۇرۇپ بارلىق سەۋەبنى قوللىنىش شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. بىزدىكى نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىق بىلىم- مەرىپەت چىراغلىرى بىلەن ياخشىلىنىدۇ.

ئىبادەت ئىشلىرىدا بەسلەشكەندەك ھايات ئىشلىرىدىمۇ بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش لازىم، بولمىسا ھازىرقىدەك ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتتە باشقىلارغا گاداي بولۇپ قالىمىز.

بىلىم-مەرىپەت دائىرىسىنىڭ تارىيىپ كېتىشى، خىزمەت دائىرىسىنى، قىممەت قاراش ۋە پرىنسىپ دائىرىسىنىمۇ تارايتىۋەتتى. بىز «چۈشىنىش

ۋە پىكىر قىلىش» دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مۇھتاج. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز كەسپىدە بىر نۇقتىنى ھىمايە قىلىشى ۋە مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى زۆرۈر.

## ئۈچىنچى: قىممەت-قاراش ۋە پرىنسىپ دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش:

### ئەخلاق دائىرىسىنىڭ تارىيىپ كېتىشى:

ئىسلامدىكى ئەخلاق ناھايىتى كەڭرى دائىرە، ئەخلاق مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان سېمونتقا ئوخشايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى پەرزلىرى، ھارام قىلىنغان ئىشلىرى، سۈننەت ۋە مەكرۇھلىرى بىلەن ئەخلاقنىڭ ئەمەلىي قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت. ئىسلامدىكى ھەر قانداق بىر ھۆكۈمنىڭ ئەخلاق ئاساسىي ۋە ئەخلاق مەقسىتى بار.

ئىسلام دىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارغا زىيانلىق دەپ قارالغان ناچار ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىدى. ھاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە ھەزارەت تىكلەيدىغان ئەخلاقلارنى تەشەببۇس قىلدى. مەسىلەن، ۋاقىتلىق نەرسىدىن دائىم بولغان نەرسىنى ئارتۇق كۆرۈش،ھۆرمەت-شەرەپنى كۈچ-قۇۋۋەت ئۈستىدە

قويۇش، مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىش، پايدىلىق يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش، ھەمكارلىشىش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، چىرىكلىك ۋە ئەسكى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ھۆرمەتلەش ۋە خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش دېگەندەك.. گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇدى ۋە قىزىقتۇردى.

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا يەككە ئەخلاق تېپىلسىمۇ، ھەزارەت ئەخلاقلىرى يوقالماقتا. ئەخلاق ۋە قىممەت-قاراش دائىرىسى تارىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرىئەت ئۇقۇمىدىن غايىب بولماقتا. شەرىئەت كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە 6 تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جازاسى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان نۇرغۇن ئەخلاقلار يىراقلاشتۇرۇلماقتا.

مەسىلەن، «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن چەكلەش»تىن ئىبارەت ئەخلاق ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ قىممەت- قاراشلىرىنىڭ بىرسى. بۇ ھەقنى ھەق قىلىش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئادالەتنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ۋە يامان ئىشلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بۇ مەجبۇرىيەت كۆپلىگەن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن كارى بولماي ئاللاھنىڭ ھوقۇقى بىلەن چەكلىنىپ قالدى.

## تۆتىنچى: ئەزا بولۇش دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش:

مۇسۇلمانلار بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئۈممەت ئىدىيىسى ئەتراپىدا ئايلىناتتى. لېكىن ھازىر بىر ئېقىم، بىر گۇرۇھ ياكى بىر مەزھەپ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئىدىيە ۋە قىممەت-قاراش ئاساسىدا ئايلىنىدىغان بولسا، ھازىر شەخسلەر بىلەن ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

### (1).گۇرۇھ، مەزھەپ ۋە ئېقىم ئەتراپىدا ئايلىنىش:

مۇسۇلمانلار دەلىل ۋە پاكىت بىلەن ئايلىنىدىغان ئىدى، ھۆججەت قېشىدا توختايتتى. مۇسۇلمانلار چۈشكۈنلەشكەن دەۋرلەردە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى ئەۋج ئالدى. مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئەقلى ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماسلىق سەۋەبىدىن «فىقھى مەزھەپلەر» شەرىئەتكە خىزمەت

قىلغۇچىدىن، مىڭلىغان مۇتەئەسسىپ ئالىملار تەرىپىدىن خىزمەت قىلىنغۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. «ئىدىيە ئېقىملىرى» ئەقىدىگە خىزمەت قىلغۇچىدىن مىڭلىغان مۇتەئەسسىپ ئالىملار تەرىپىدىن خىزمەت قىلىنغۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە ۋاستە غايىگە، ئۇسۇل-چارىلەر مەقسەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى.(تاھا جابىر ئۇلۋانى:"ئىسلام ئىدىيىسىنى ئىسلاھ قىلىش"، 55- بەت).

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ھەر ئېقىم ئۆزىنى مۇتلەق ھەقىقەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. بۇمۇ دىنىنى چۈشەنمىگەنلىك. دىن بىلەن گۇرۇھۋازلىق ئارىسىدىكى پەرق بىلىم بىلەن نادانلىق، ئىمان بىلەن ئاسىيلىق قىلىش ئارىسىدىكى پەرقتۇر. چۈنكى «دىن» دېگەن قېرىنداشلىق، تونۇشۇش، ئۇچرىشىش، ئۆز-ئارا مۇھەببەت قىلىش، ئۆز-ئارا ھۆرمەتلەش، كۆيۈنۈش، تىنچلىق، ۋاپادارلىق، گۈزەل ئەخلاق ۋە كەڭ قورساق بولۇشتىن ئىبارەت. گۇرۇھۋازلىق دۈشمەنلىشىش، ئالاقىنى ئۈزۈش، قوپاللىق، باغرى تاشلىق، ئاداۋەتلىشىش، يامان ئويدا بولۇش، ناچار ئەخلاق ۋە رەزىل قىلمىشتىن ئىبارەت.

## (2). پرىنسىپ ۋە ئەدىيىنىڭ زىيىنىغا شەخسلەر ئەتراپىدا مەركەزلىشىش:

ئەدىيە ئاجىزلاشقاندا شەخسلەرنىڭ ئورنى ئاشىدۇ، ئەدىيە ساۋاتسىزلىقى ئەۋج ئالغان مۇھىتتا ئەدىيىنىڭ رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئىسلام ئەدىيىسى بۈگۈنكى كۆنلۈكتە ئەدىيە بىلەن شەخسلەر ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېسىلىگە ئۇچرىماقتا. ئەمەلىيەتتە پرىنسىپ ۋە مېتود شەخسلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇغىنىسى شەخسلەر ئەدىيە بىلەن بىرلىشىۋالغاندا شەخس ئەدىيىدىن مۇقەددەسلىكنى ئېلىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم تەنقىد قىلالمايدۇ، كىم ئۇنى تەنقىد قىلسا، ئىسلامنى تەنقىد قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

شەخسلەردىن خاتالىشىش ئېھتىماللىقنى ئىنكار قىلىش شەكلى بەزى ئىسلام ئەللىرىدە ئاشقۇنلۇق دەرىجىسىدە ئورناپ كەتكەن، بۇ پەقەتلا ئەقلىنىڭ كىبىرلىكىنى يارىلاندۇرۇپ قالماستىن، تەۋھىدنىڭ ساپلىقىنى دۇغلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

مۇسۇلمانلار چۈشكۈنلىشىش دەۋرىدىن باشلاپ مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىنى مىراس ئالغان، ئەدىيە ساۋاتسىزلىقى مۇتەئەسسىپلىكنى قەۋەت ئاشۇرۇۋەتتى. ئىسلام تارىخىدا ھۆججەت ۋە ئەدىيىنىڭ

زىيىنىغا تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرى ۋە ئازغۇن شىئەلەردە شەيخ ياكى مەزھەپ ياكى بىرەر تەرىقەتكە مۇتەئەسسىپلىك كۆرۈنۈشى تارقالدى. بۇلارنىڭ كۆپلىرى پرىنسىپ ياكى ئىدىيەنىڭ زىيىنىغا شەخس بىلەن ئايلىنىپ يۈردى.

مۇسۇلمان ئەقلى تار دائىرىدىكى يۈزەكىلىككە قەدەم قويغان، شۇ سەۋەبتىن ئىمانىنىڭ ئارقىدا تۇرىدىغان تارماقلىرى ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىۋالغان، ئالدىدا تۇرىدىغان تارماقلىرى ئارقىدىن ئورۇن ئالغان. سۈننەت ۋە نەپلە خاراكتېرلىك تارماق ئىشلار پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايە ئالمىغان ھەجىمنى ئىگىلىۋالغان. ھەر بىر ئېقىم ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئىچى سىقىلغان ۋە باشقا قاراشتىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى يارا قىلىشقا يۈزلەنگەن.

ئىدىيە ۋە پرىنسىپ بىلەن شەخسلەرنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش سەۋەبىدىن شەخسلەر تەنقىدتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ئىدىيە بولسا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ خاتا قىلمىشى سەۋەبىدىن تەنقىدكە ئۇچرىدى. مانا بۇمۇ مەزھەپ ۋە گۇرۇھۋازلىق مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ، ئىدىيە بىلەن شەخسلەرنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ زىيىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقنىڭ مەنبەسىدىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىدىمىز ۋە ھاياتىمىزغا تەھدىت سېلىۋاتقان بۇ خىل كۆرۈنۈشلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش لازىم. بۇ ۋەزىپىنى ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە دەۋەتچىلەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

***

# ئىدىيە ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى مۇسۇلمان قۇرۇلمىسىدىكى خەتەرلىك ئاپەت شۇنداقلا بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق، ئەمما بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئەلۋەتتە بار. كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇش ۋە ئاناتومىيەلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش داۋالاشنىڭ يېرىمى سانىلىدىغانلىقى ئېنىق. سەۋەبىنى بىلسەك ھەيران قالمايمىز.

بىز ئىلگىرى ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ مېتودىغا ئېسىلماسلىقتىن شەكىللەنگەن دىنى چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق، كۆپلىگەن ئىسلامنىڭ قىممەت-قاراشلىرىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش ئىسلام ئىدىيىسىدىكى ئىنچىكە ئىككى تەرەپلىمىلىك رايونلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆردۇق. شۇنداقلا مۇسۇلمان ئەقلىدىكى ئاڭ-سەۋىيە دائىرىسىنىڭ تارلىقى ئىسلامدىكى كەڭرى رايونلارنى تارايتىۋېتىشكە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

تۆۋەندە دىنىمىزنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە هازىرقى رېئاللىقىمىزدىكى ئاجىزلىق ۋە نۇقسان نۇقتىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئالغا ئىلگىرىلەپ چىقىش يوللىرى ۋە ئاچقۇچلىرى ھەققىدە توختالماقچى. ئىزدىنىش ئارقىلىق مەرىپەت بوستانى ۋە ئىدىيە خەزىنىلىرىگە كىرىپ، ھەل قىلىش ۋە چىقىش يوللىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ كەشىپ چىققايسىز.

## بىرىنچى:قۇرئانغا قارىتا مۇئامىلە قىلىش مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم:

قۇرئان ئىلاھى كىتاب، ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان كىتاب، مۆجىزە كىتاب، روشەن ۋە ئاسان كىتاب، دىنىنىڭ ئاساسىي روھى، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان مەڭگۈلۈك كىتاب، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ۋە بارلىق ھاياتنىڭ كىتابى.

قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى: ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىسلاھ قىلىش، ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش، ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئىنسان نەپسىنى پاكلاش، ئائىلە قۇرۇش ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، نەمۇنىلىك جەمئىيەت قۇرۇش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ھەمكارلىشىدىغان

ئىنسانىيەت دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم بارلىق ئىنسانىيەتكە تاللاپ بەرگەن ئاللاھنىڭ كىتابى، قۇرئان كەرىم ۋەزىپە بىلەن مۆجىزىنى بىرلەشتۈرگەن ئەقلى مۆجىزە، قۇرئان كەرىم بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسانىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىغا خىتاب قىلىدىغان كىتاب، قۇرئان كەرىم چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاسان كىتاب، قۇرئان قىيامەتكىچە زېرىكتۈرمەيدىغان ئىبادەت كىتابى، قۇرئان كەرىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا، قۇرئان كەرىم قۇتقۇزغۇچى ۋە چىقىش يولى ئاتا قىلغۇچى كىتاب...

قۇرئان كەرىم ئەڭ ئىلغار ۋە قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلارنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى، ۋاھالەنكى قۇرئان كەرىم بۈگۈنمۇ شۇنداق ئىلغار ۋە قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلارنى يېتىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئويغىنىش ۋە ھەزارەت ئۈستۈنلۈك ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە. ئويغىنىش يولىدا پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان كومپاس كەملىك قىلىدۇ، ئەگەر مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يولىيورۇقى ۋە ساھابىلەرنىڭ مېتودى بىلەن ماسلىشىپ توغرا مۇئامىلە قىلالىسا، بۇ كومپاسمۇ قۇرئان كەرىمدە بار.

قۇرئـان كـەرىـم بىـلـەن مۇئـامىلە قىلىشـتا تۆۋەنـدىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش لازىم:

1.قۇرئاننىڭ خەزىنىلىرىنى چىقىرىش لازىم:

قۇرئـــان هـــدايەت بـــايلىقى ۋە تەرەققىيـــات خەزىنىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن؛ بىراق مۇسۇلمانلار قۇرئـان كـەرىمنـى ئوقـۇش، تەپەككـۇر قىلىـش ۋە ئەمەل قىلىـش جەھەتـتە ئـۇزۇن مەزگىـل تاشـلىۋەتكەنلىكى ئۈچـۈن بـۇ بـايلىقلاردىن مەهـرۇم بولماقتـا. رەسۇلۇللاھ مۇســۇلمانلارنىڭ قۇرئـــان كـەرىمنـــى تاشـــلىۋېتىپ بارغـانلىقىنى ئاللاھقـا شـىكايەت قىلىــپ:«پەيغەمــبەر ئېيتتـى:«ئـى پەرۋەردىگـارىم! شۈبھىسـىزكى ، مېنىـڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى» (فۇرقان سۈرىسى، 30- ئايەت).

2. ئوقۇش ۋە يادلاش بىـلەن بىـرلىكتە تەپەككـۇر قىلىش ۋە چۈشىنىش لازىم:

قۇرئـان كـەرىمـدە قۇرئـاننى تەپەككـۇر قىلىــش، ئــويلىنىش ۋە چۈشىنىشــكە تەشــەببۇس قىلىــدىغان يـۈزلىگەن بەلكـى مىڭلىغـان ئـايەتلەر تۈرلـۈك ئۇسۇلدا بايـان قىلىنغـان:«(بـۇ) ئۇلارنىـڭ ئـايەتلەرنى تەپەككـۇر قىلىشـــلىرى ئۈچـــۈن، ئەقىـــل ئىگىلىرىنىـــڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچـۈن بىـز ساڭا نازىـل قىلغـان

مۇبارەك كىتابتۇر»(ساد سۈرىسى،29-ئايەت). («ئىسلام ۋە ئەقىل» دېگەن ماقالىگە قاراڭ).

قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئامىلنىڭ تولۇق تېپىلىشى زۆرۈر:

(1).قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ئالدىرىماي ئوقۇش:«ئاللاھ (زاتى ۋە سۈپەتلىرى جەھەتتە پۈتۈن مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر، (ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتتىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن).«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!»دېگىن»(تاھا سۈرىسى، 114- ئايەت). بۇ ئايەتكە نەزەر سالسىڭىز تەپەككۇر قىلىش بىلەن بىلىمنىڭ ئاشىدىغانلىقى ئارىسىدىكى ئالاقىنى بايقىيالايسىز.

قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتىن مەقسەت ئايەتنىڭ مەقسىتىنى ھېس قىلىش، چۈنكى قۇرئاننى ئوقۇشتىن مەقسەت چۈشىنىش ۋە تەسىرلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ. قۇرئاندىن تەسىرلىنىش ئۈچۈن قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش، كۆپ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش لازىم. زېرىكمەي

ئالدىرىماي ئوقۇشىمىز كېرەك. قۇرئاننى ئوقۇپ ھازىر قەيەرگە كەلگەننى ئېتىبارغا ئېلىشتىن بەكرەك، قۇرئاننىڭ قەلبىمىزنىڭ نەگىچە يەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىش.

(2).تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش يادلاشتىن ئەۋزەل: تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئوقۇش گەرچە ئاز بولسىمۇ، تەپەككۇر قىلماي كۆپ ئوقۇغاندىن ئەۋزەل، بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ سۆزلىرى كۆپ. بەلكى بەزى ساھابىلەر بىر قانچە ئايەتنى تەپەككۇر ئىچىدە ئوقۇغانلىق قۇرئاننىڭ ھەممىنى تەپەككۇر قىلماي ئوقۇغاندىن ئەۋزەل دېگەن.

مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇغاندا تىللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، لېكىن قۇرئاننىڭ مەقسەت ۋە مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىشتە ئەقىللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئويلىمايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇشتىن مەقسەت قۇرئاننىڭ ھىدايەت، مەقسەت ۋە كۆرسەتمىلىرىنى چۈشىنىش مەقسەت ئەمەسمۇ؟!

(3). ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بىلىش: ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بىلىش ئايەتنى ياخشى ۋە توغرا چۈشىنىشكە، ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئايەتلەرنى رېئاللىققا تەتبىقلاشتا كەڭرى مەيدان ئېچىپ بېرىدۇ.

ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلىشتە سەھى ھەدىسلەرگە تايىنىش لازىم. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، سەۋەبنىڭ خاسلىقىنى ئەمەس، سۆزنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئېتىبارغا ئالىمىز.

ئىككىنچى: تەلىم-تەربىيە(مائارىپ) ئورگانلىرىنىڭ مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم:

كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە مائارىپ ئىنقىلابى كۆرۈلسىمۇ، مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلغان ۋە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، سۈپەت جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ مېتودلىرىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىپ چىقىش لازىم.

(1). يادلاشقا ئەمەس، چۈشەنچىگە مەركەزلەشتۈرۈش لازىم:

ئاللاھ ئىنساننىڭ ئەقلىدە يەتتە تۈرلۈك ئىقتىدار ياراتقان، ئۇنىڭ قاتارىدىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىدۇر. كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدىكى مائارىپ مېتودلىرى مۇئەللىمنىڭ سۆزلەپ ئاغزىغا سېلىپ بېرىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يادلىشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردىكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش، مەسىلىلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ۋە تەنقىد قىلىش ئىقتىدارلىرىغا سەل قارايدۇ. بۇ مەسىلە مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىق كۆرۈنۈشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

بىلىم-مەرىپەتنىڭ كۆپ بولۇشى رىۋايەت قىلىش(نەقىل قىلىپ بېرىش)نىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى چوڭقۇر چۈشەنچىنىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ياخشىلىقنى پەقەتلا مەلۇمات شەكلىدە«دىننى بىلىش»كە باغلىماي، «دىننى چۈشىنىش»كە باغلىغان:«مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر مىللەت، ھەر يۇرت ۋە ھەر شەھەردىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار مىللىتىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، مىللىتىنىڭ ئاللاھدىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە توغرا يولغا باشلاش مەقسىتىدە نېمىشقا(ئىلىم تەلەپ قىلىشقا)جىددى ئاتلانمىدى؟» (تەۋبە سۈرىسى، 122- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ»دېگەن(مۇسلىم بايان قىلغان). دېمەك، چۈشىنىش بىلىشتىن خۇسۇسىيراق بولىدۇ. ئايەت ۋە

ھەدىستە كەلگەن سۆز مەسىلىسىنىڭ نېگىزىگە يېتىپ بارالايدىغان «ئىنچىكە چۈشەنچە» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. چوڭقۇر چۈشەنچە بولسا ئەقىلنى يورۇتىدۇ ۋە قەلبنى تىرىلدۈرىدۇ.

(2). ئۈنۈملۈك مائارىپ شەرتلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش:

مائارىپ ئورگانلىرى ئەيىب نۇقسانلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۈنۈملۈك بولىشى ئۈچۈن ئىككى خىل شەرت تولۇق تېپىلىشى كېرەك:

بىرىنچى شەرت: مەنىۋى (روھى) جەھەتتىن:

ئوقۇتۇش مېتودلىرى تۈزۈلگەندە، ئوقۇتقۇچى ۋە جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كەلگەندە پەقەت ئاچقۇچ ۋە چۈشەنمىگەن مەزمۇنلارنى سوراش ئۈچۈن كېلىدىغان بولسۇن، ھەر بىر ئادەم ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشكە ئاتلىنىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىلمي روھ ئەۋج ئېلىشى كېرەك.

ئىككىنچى شەرت: ماددى جەھەتتىن:

ئامېرىكىدا ئىسپاتلانغان مەلۇماتقا ئاساسەن، ئىنسان ئوقۇغان مەلۇماتنىڭ 10%نى، ئاڭلىغان نەرسىنىڭ 20%نى، كۆرگەن نەرسىنىڭ 30% نى، بىر ۋاقىتتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسىنىڭ 50% نى، ئۆزى

دىگەن نەرسىنىڭ 70% نى، مۇئەييەن بىر ئىش قىلىش ئارىلىقىدا كۆرگەن نەرسىنىڭ 90% نى ئەسلىيەلەيدىكەن. دېمەك، بۇ تەتقىقات ئۇنۇملۇك مائارىپ مېتودلىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشتا ماددى ۋاستىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

(3).تەبىئىي پەنلەرنى ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىدىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، شەرئى بىلىملەرنى دەۋرگە مۇناسىپ زامانىۋىلاشتۇرۇش:

مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقى ۋە ھەزارەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىش سەۋەبىدىن ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى بىلىم-مەرىپەتلەر مىراسىي بىلىمگە ئايلىنىپ قالدى. تەبىئىي پەنلەر غەرب دۇنياسىدىن ئىمپورت قىلىنىماقتا. شەرئى بىلىملەر بولسا، بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزنىڭ دەۋرلىرىدىن ئىمپورت قىلىنىماقتا.

بۇرۇنقى بىلىملەر ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارنىڭ شارائىتى ۋە رېئاللىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكى تەبىئىي مەسىلە. شۇڭا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس مەسىلىلەرگە رېئايە قىلغان ئاساستا شەرئى بىلىملەرنى بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ شارائىتلىرى، ئېھتىياجلىرى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇش لازىم.

تەبىئىي پەنلەرگە كەلسەك، مۇسۇلمانلار ئاخىرقى بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە ئىنسان ۋە ئالەم بوشلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن ماسلىشىشتىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، تەبىئىي پەنلەردە ئىلگىرىلەش غەرب دۇنياسىغا يۆتكىلىپ كەتكەن. تەبىئىي پەنلەر مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇردا ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسىگە ئوخشىمايدىغان مۇھىتتا تەرەققى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەبىئىي پەنلەرنى قوبۇل قىلىشى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئىسلام رىئاللىقىنىڭ شارائىتلىرى ئۆلچىمى بىلەن تاسقىلىشى كېرەك.

دېمەك، بۈرۈنقى بىلىملەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يېڭى تەبىئىي پەنلەرنى ئىسلام ئىدىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى چارىسى.

## ئۈچىنچى: تەپەككۇر مېتودلىرىنى ئىسلاھ قىلىش:

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارەتتە ئارقىدا قېلىش كرىزىسىنىڭ ئىدىيە كرىزىسى ئىكەنلىكى ھەممەيلەن بىرلىككە كەلگەندەك بىر مەسىلە. شۇڭا ئاجىزلىق

نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن، شۇنداقلا كۈچ-قۇۋۋەت نۇقتىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۈگۈنكى تەپەككۇر مېتودلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش لازىم.

بۇ مەسىلىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

(1).ئىسلام ئىدىيىسىدىكى تەقلىدچىلىكنىڭ كېڭىيىش مەنبەلىرىنى قۇرۇتۇپ تاشلاش لازىم:

ئىسلام ئىدىيىسى كىشىلەر ياشاۋاتقان رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، مىلادىيە 17-ئەسىردىن تارتىپ بۇ ئىدىيىنى خۇراپات، شەخسىيەتچىلىكنىڭ غەلىبە قىلىپ كېتىشى،ئەمەلىي ھەرىكەتتىكى ھېسسىياتچانلىق كۆرۈنۈشى، ئەقىلگە قارىشى تۇرۇش، ھەر بىر يېڭى نەرسىلەردىن خەۋپ ھېس قىلىش ۋە ۋەقەلەرنى سۈيىقەست بار دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئىزاھلاش دولقۇنلىرى ئوۋلاپ كەتتى.

(2). مەلۇماتتىن كۆپرەك ئىدىيىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم:

ئاخىرقى دەۋردىكى ئىسلام ئىدىيىسى تەپەككۇرغا تۆۋەن نەزەر بىلەن قاراپ ۋە ئەقىلنى قەپەزگە سولاپ قويۇپ مەلۇمات يادلاش بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن

شەخسلەرنى مەلۇمات تويلاشتىن كۆپرەك ئىدىيىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىدىيە تۇغدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېھتىياجىمىز كۆپ. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىنلىكنىڭ ئېگىزلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شەخسلەرنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشقا تەشەببۇس قىلىش، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەپەككۇر ھەرىكىتىنى يوقىتىۋەتمەستىن ۋە ئەقىلگە تۆھمەت قىلماستىن ياۋا ئىدىيىلەرنى ۋاقتىدا پۇتاپ تۇرۇش ۋە ئۆز چېكىدىن ھالقىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى تەنقىد قىلىپ تۇرۇش لازىم.

(3).تەپەككۇر دائىرىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش لازىم:

قۇرئان كەرىم زېمىن، ئاسمان، ئىنسانلار ۋە كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئەقىلنىڭ چۈلۋۇرىنى قويۇۋېتىشكە تەشەببۇس قىلىدىغان مىڭلىغان ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھەر قانداق نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي ئىشلارنىڭ باشلانمىسى ئوي پىكىر ۋە ئىدىيىلەردىن باشلىنىدۇ، ئوي پىكىر تەسەۋۋۇر شەكىللەندۈرىدۇ، تەسەۋۋۇر ئىرادىگە چاقىرىدۇ، ئىرادە ئىش ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنى

تەقەززا قىلىدۇ. ئىش ھەرىكەتنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى ئادەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، مۇشۇ باسقۇچلارنىڭ ئىسلاھ بولىشى ئوي پىكىر ۋە ئىدىيىلەرنىڭ ساغلام بولىشىغا، مۇشۇ باسقۇچلارنىڭ بۇزۇلۇشى ئوي پىكىر ۋە ئىدىيىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك» (پايدىلار:ئىبنى قەييۇم جەۋزى، 209- بەت).

تەپەككۇر قىلىشنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئۇنۇم قازىنىش ئۇچۇن: ئوقۇش، يېزىش، يادلاش، ئاڭلاش، سوئال قويۇش، سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بىلىم ئېلىشتىكى مۇقەددىمە خاراكتېرلىك ماھارەتلەرنى پۇختا بىلىش، تەپەككۇر قىلىشتىكى ئەقلى ماھارەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىجادىيەت ماھارەتلىرىگە ئەمەلىي چېنىقىش لازىم.

تەپەككۇرنىڭ تۈرى كۆپ، ھەر بىر تۈرنى بىلىش ۋە ھەر بىر تۈرنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ماھارەتلەرنىمۇ بىلىش لازىم. قوشۇمچە غەرب ۋە ياپونىيىگە ئوخشاش تەرەققى قىلغان ئەللەردىكى «ئىنسانىي ئىقتىدارلارنى ئاشۇرۇش» (Human development) بىلىملىرى قولغا كەلتۈرگەن چوڭ نەتىجىلەردىن پايدىلىنىش كېرەك.

تەپەككۇرنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە تەپەككۇرنىڭ دائىرىسىنى ئاشۇرۇش: چۈشىنىش ماھارىتى، مۇلاھىزە قىلىش ماھارىتى، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ماھارىتى، يەكۈن چىقىرىش ماھارىتى، ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ماھارىتى، پاكىت كۆرسىتىش ماھارىتى، تەنقىد قىلىش ماھارىتى ۋە ئىجادىيەت ماھارەتلىرىگە ئوخشاش بىر قانچە ماھارەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ئىنسان: رەتلەش، تەھلىل قىلىش، تۈرگە ئايرىش، خۇلاسىلاش ۋە سېلىشتۇرۇش ماھارەتلىرى ئارقىلىق ئىدىيىلەر بىلەن نەرسىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى كەشىپ قىلىپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا تەپەككۇرنىڭ چوققىسىغا يېتەلەيدۇ.

ئىنسان مۇشۇ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ئىدىيىلەر ۋە شەخسلەردىكى ئىجابىيلىقنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە پاسسىپ تەرەپلىرىنى ھېس قىلىدىغان ئۇنۇملۇك ئىلمىي تەنقىد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا كۈچ-قۇۋۋەت نۇقتىلىرى نەدە بولسا پايدىلىنالايدۇ ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرى قەيەردە بولسا ساقلىنىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

## تۆتىنچى: شەرىئەتنىڭ ئۇقۇمى بىلەن رېئال ھايات ئۇقۇمىنى بىرلەشتۈرۈش:

فىقھى(چۈشىنىش)كەڭرى مەنىسى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقىنىڭ قارمۇ-قارشىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتىن تولۇق قۇتۇلۇش بۇ دىنىنى تولۇق چۈشىنىش نۇقتىسىغا يۈتكىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. دىنىنى چۈشىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈم ۋە يوليورۇقلار تەتبىقلىنىدىغان رېئال ھاياتنى چۈشىنىش كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتنى چۈشىنىش بىلەن رېئال ھاياتنى چۈشىنىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. شەرىئەت بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنمىگەن شەخس «ئالىم» دەپ قارالمايدۇ.

شەرىئەتنىڭ ئاتالغۇلىرى بولسۇن ياكى رېئال ھاياتتىكى بەزى ئىشلارغا باھا بېرىشتە بولسۇن ئۆز ھەجمىدىن چوڭايتىۋېتىش ياكى كىچىكلىتىپ قويۇش مەدەنىيەت ساۋاتسىزلىقىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ھۆججەتلەرنى چۈشىنىش، رېئال ھاياتنى تۈرلۈك ئېقىملىرى بىلەن چۈشىنىش، ئۆزگەرمەس ۋە ئۆزگىرىشچان دائىرىلەرنى چۈشىنىش نەرسىلەرگە چوڭايتىۋەتمەستىن ياكى

كىچىكلىتىپ قويماستىن ئۆز ئەينى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.
غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئۆز پىتى ئەينەن چۈشىنىش رېئاللىقنى چۈشىنىشنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.
قايسى بىر ئادەم شەرىئەت چۈشەنچىسى بىلەن رېئال ھايات چۈشەنچىسىنى بىرلەشتۈرەلىسە ھېكمەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. ھېكمەت: ھەر بىر ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ۋە ئىشلارنى ئۆز ئورنىدا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ.ھېكمەت ئىگىسىگە ساناقسىز ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ.
ھېكمەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، چۈنكى ئۇ باشقىلار ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلماپتىغۇ دەپ باھانە كۆرسىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئاقلاش مېتودىن ئازات بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم خالىسا ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، دائىم ئوقۇش ۋە ئۆزلۈك ئۆگىنىش ئارقىلىق كامالەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوقۇش»ئىسلامنىڭ بىرىنچى پەرزى دەپ تونۇلدى:«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ»(ئەلەق سۈرىسى،1-ئايەت). چۈنكى سىستېمىلىق ئەقلى ئوقۇش ئىنساننى چوقۇم ئاللاھ تەرەپكە

يەتكۈزىدۇ، دۇنيانى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئاخىرەتتە غەلىبە قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىدىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تۈركچە، ئىنگىلىزچە ۋە ئەرەبچە بىلىدىغانلار ئۈچۈن قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

1.ئويغىنىش شەرتلىرى- مۇتەپەككۇر مالىك نەبى.

2.ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىدىيە قىيىنچىلىقى-مالىك نەبى.

3.ئىسلام شەرق ۋە غەرب ئارىسىدا-ئەلى ئىززەت

4.ئىسلامنىڭ ھەزارەت قارىشى- د.مۇھەممەد ئەممارە.

5.سۈننەت مەرىپەت ۋە ھەزارەت مەنبەسى-د.قەرزاۋى

6.مۇتەپەككۇرلەرنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى- د.ئابدۇلكەرىم بەككار.

7.ئىسلام ۋە تەپەككۇر يوللىرى-د. ئۆمەر خالىد.

8. قۇرئان ۋە پەلسەپە- د.مۇھەممەد يۈسۈپ مۇسا.

9. پەلسەپە،ئىلىم-پەن ۋە قۇرئان ئارىسىدىكى ئىمان قىسىمسى-نەدىم جىسر.

10.مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن دۇنيا نېمىنى زىيان تارتتى- مۇتەپەككۇر ئوبۇلھەسەن نەدەۋى.

# خاتىمە

1.ئىدىيە ياكى پىكىر ئەقىلنىڭ ھەرىكىتى.
ئەقىلنى ئىستىمال قىلىش شەرىئەت پەرز قىلغان ۋە رىئاللىق زۆرۈر دەپ قارايدىغان مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئەقىلنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.
ئىسلام ئىدىيىسى ئىنساننىڭ ئەقلى ئەمگىكى بولسىمۇ، دىنىنىڭ پرىنسىپال قاراشلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن پرىنسىپال خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالغان.
ئىسلام ئىدىيىسى ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن ئىنساني ئەمگەكنى، ئوتتۇراھاللىق بىلەن ئادىللىقنى، ئومۇمىيلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈكنى ۋە ماددا بىلەن روھ ئارىسىدا... تەكىپۇكلۇقنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن مىللەت ۋە خەلقلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرەلىگەن.
2. ئەقىدىنىڭ كەسكىن ئۇقۇملىرى، شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، ئىبادەتنىڭ ئاساسلىرى، ئەخلاقنىڭ يىلتىزى، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى، ئىنساني ئورتاقچىلىق ۋە كەسكىن ئىجما مەسىلىلىرى ئىسلامدىكى مۇقىم ئۆزگەرمەس ساھەلەرنىڭ مۇھىممىدۇر.

ئىسلام دىنى ئۆزگەرمەس ساھەلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان ساھەلەرنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام قۇرۇلمىسىدا ئۆزگەرمەس مەسىلىلەر "مۇكەممەللىك" ۋە ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر "يېڭىلىنىپ تۇرۇش" خۇسۇسىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن. شۇڭا ئۆزگەرمەس مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق پرىنسىپىغا رىئايە قىلىش لازىم. ئىككى ساھەنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئېغىر ئاپەت ۋە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزگەرمەس مەسىلىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىگە كېپىل بولسا، ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ئەركىنلىككە كېپىل بولىدۇ. بۇ ئىككى ئامىل ئارقىلىق مەدەنىيەت ياراتقىلى ۋە گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

3مۇسۇلمانلارنىڭ كىرىزىسى ئاساسەن ئىدىيە كىرىزىسى بولۇپ، بارلىق كىرىزىسلار مۇشۇ كىرىزىستىن پەيدا بولغان. ئىدىيە كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ھۆججەت ۋە رىئاللىقنى خاتا چۈشىنىشكە ئېلىپ بارغان.

ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى مۇسۇلمانلارنى بوشاڭلىق ۋە ئاجىزلىققا ئېلىپ بارغان. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ئىسلام چۈشەنچىسىنى تار دائىرىدىكى پىقھىغا تارايتىۋەتكەن. كائىنات قانۇنىيەتلىرى،

جەمئىيەت فىقھىسى، سىياسى فىقھى..لارنى فىقھى (چۈشەنچە) دائىرىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى پرىنسىپ ۋە قىممەت-قاراش دائىرىسىنىمۇ تارايتىۋەتكەن. بىلىم-مەرىپەت دائىرىسى تارايغاندا ئىش-ھەرىكەت دائىرىسىمۇ تارايغان. مەسىلەن، ئىبادەت ئۇقۇمى پەقەت ئاخىرەتكە تەۋە ئىشلار بىلەن چەكلىنىپ قالغان، دۇنيالىق ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار سەل قارالغان.

بۇ خىل ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش، مائارىپ مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش، تەپەككۇر قىلىش مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شەرىئەت چۈشەنچىسى بىلەن رېئاللىق چۈشەنچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش لازىم.

ئاخىرىدا بارلىق مۇسۇلمانلارغا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ساغلام ئىدىيە، توغرا كۆز قاراش، ھىدايەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشنى ئاللاھدىن تىلەيمەن.

مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھدىندۇر.

## المراجع: پايدىلانغان كىتابلار


1.إصلاح الفكر الإسلامي- د. طه جابر العلواني
2.التجديد فى الفكر الإسلامي- د.عدنان محمد جمعة
3.تجديد الفكر الديني فى الإسلام- العلامة محمد إقبال
4.تيارات الفكر الإسلامي- د. محمد عمارة
5.أزمة الفكر الإسلامي- د. محمد عمارة.
6.المجتمع المسلم الثوابت والمتغيرات- رابطة العالم الإسلامي
7.تجديد الفكر الإسلامي- د. محسن عبدالحميد
8.فصول فى التفكير الموضوعي- د.عبدالكريم بكار
9.خلافة الإنسان بين الوحي والعقل- د.عبدالمجيد النجار
10.القرآن والنظر العقلى- د.فاطمة إسماعيل
11.التفكير فريضة اسلامية- عباس العقاد
12.الخصائص العامة للإسلام- د.يوسف القرضاوى
13.العمل الديني وتجديد العقل- د.طه عبدالرحمن
14.الإسلام عقيدة وشريعة- الشيخ محمود شلتوت
15.موقع الإسلام من العقل- د.يوسف القرضاوى
16.الثوابت والمتغيرات –د. صلاح الصاوى
17.جذور الانحراف فى الفكر الإسلامي- جمال سلطان
18.الفكر الإسلامي المعاصر- غازي التوبة
19.أزمة العقل المسلم- د. عبدالحميد سليمان
20.أدب الاحتلاف فى الإسلام- د. طه جابر العلواني
21.الصحوة الإسلامية بين الجحود والتطرف- د. القرضاوى
22.فقه الوسائل فى الشريعة- د. أم نائل البركانى
23.الشورى بين الأصالة والمعاصرة- عز الدين التميمي
24.فى الاجتهاد التنزيلي- د. نورالدين الخادمي

25. فقه التدين فهما وتنزيلا- د. عبدالمجيد النجار
26. مقاصد الشريعة الإسلامية- الشيخ طاهر عاشور
27. الكليات الأساسية للشريعة- د. أحمد الريسوني
28. الدستور القرآني فى شؤون الحياة- محمد عزة دروزة
29. فقه الكتاب والسنة ورفع الحرج عن الأمة- ابن تيمية
30. ضوابط المصلحة- د.رمضان البوطى
31. ليس من الإسلام- الشيخ محمد الغزالى
32. فقه الأولويات- محمد الوكيلي
33. النهضة الاسلامية بين مسؤولية القيادة وواجبات الأمة- د.عويس
34. تجديد الوعي- د.عبدالكريم بكار
35. منهج التغيير الاجتماعي فى الإسلام- د. محسن عبدالحميد
36. الفكر الإسلامي الوسط- مصطفى محمد الطحان
37. التجديد والإصلاح فى الفكر الإسلامي الحديث- مكتبة الإسكندرية
38. منهج بين الثوابت والمتغيرات- الشيخ جمعة أمين
39. أثر المنهج الأصولى فى ترشيد العمل الإسلامي- د.مسفر
40. فقه المتغيرات – د. فؤاد عبدالمنعم
41. تدعيم الفكر الإسلامي- د. التويجرى
42. فقه الأولويات- د. يوسف القرضاوى
43. فقه الوسطية الإسلامية- د. يوسف القرضاوى
44. العودة إلى القرآن- د. مجدى الهلالي
45. معالم المنهج الإسلامي- د. محمد عمارة.

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە................................................................. 2
**ئىسلام ئىدىيەسى** .............................................. 7
ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ مەنبەلىرى............. ...................... 9
ئىسلام ئىدىيەسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى........................ 17
**ئىسلامدىكى پرىنسىپال ساھەلەر**........................... 23
ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس ساھەلەر رايونى........................ 25
1.ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى............................................. 25
2.شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال تىپىملىرى............................ 28
3.ئىبادەت ئاساسلىرى................................................... 32
4.ئەخلاق پرىنسىپلىرى................................................ 33
5.مەقسەت ۋە غايىلەر.................................................... 34
6.ئىنسانىيەت خاراكتېرىدىكى ئورتاق تەقسىماتلار........ 35
7.كەسكىن بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىلەر................. 37
**ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشچان رايونلار**..... 39
ھۆججەتكە تەۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان نۇقتىلار 41
1.ئىسپاتلىنىشى كۈچلۈك ئېھتىماللىقى ئىگە ھۆججەتلەر.. 41
2.ئۇقۇمى كۈچلۈك ئېھتىماللىقى ئىگە ھۆججەتلەر ....... 43
3.قانۇن چىقىرىشتا كۈچلۈك ئېھتىماللىقى ئىگە رايون. 50
4.ھۆججەتلەرنى رىئاللىققا تەبىقلاش رايونى.................. 55
ھۆججەتتىن خالى ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان رايون 58
1.ئۇسۇل-چارە رايونى..................................................... 58
2.تارماق ۋە شاخچە ئىشلار رايونى................................. 63
3.ئۆرپ-ئادەت رايونى..................................................... 64

4.نىسپىي مەنپەئەت ۋە نىسپىي زىيانلىق ئىشلار رايونى 67
5.مەلۇمات ۋە تەجرىبىگە ئاساسەن چىقىرىغان ھۆكۈملەر 69
6.دۇنيالىق ئىشلار رايونى........................................ 70
**ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىشچان ساھەلەرنىڭ بىرلىشىشى.... 72**
1.ئىسلام مۇكەممەللىك بىلەن يېڭىلىقنى بىرلەشتۈرگەن..... 73
2.مۇسۇلمانىنىڭ شەخسىيىتىدە يەككە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىنسانىي ئورتاقلىق خۇسۇسىيەتلەر بىرلەشكەن........... 77
3.ئۇممەتتە بىرلىك بىلەن ئەركىنلىكنى بىرلەشتۈرگەن 79
4.مۇستەقىللىق بىلەن سىرتقا قارىتا ئېچىلىش........... 82
**ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ئىككى تەرەپلىمىلىك نۇقتىلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى........85**
1.«دىن»بىلەن«دىيانەتلىك» بولۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 86
2.بىرلىك بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.... 89
3.ئىجادىيەت بىلەن بىدئەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش............. 94
4.زۆرۈر بولغان پايدىلىنىش بىلەن رەت قىلىنىدىغان..... 94

***

**ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى............................................ 102**
ئىدىيە ساۋاتسىزلىقى ........................................... 103
ئىدىيە ساۋاتسىزلىقىنىڭ بەلگىلىرى.......................... 108
**ئىككى تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 109**
1.دۇنيانى گۈللەندۈرۈش بىلەن دۇنياغا ئىبادەت قىلىش 109
2.تەۋەككۈلچىلىك بىلەن سۇسلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 112
3. مەسئۇلىيەت بىلەن ئاشقۇنلۇقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش 113

4.ھەزارەت ھەمكارلىقى بىلەن مەدەنىيەت ھۇجۇمىنى... 114

**كەڭرى رايونلارنى تارايتىۋېتىش مەيدانلىرى**....... 117

بىلىم- مەرىپەت دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش............. 117

1.بىلىم- مەرىپەتنى دىنىي پەنلەرگە چەكلەپ قويۇش... 118

2.فىقھى دائىرىسىنى يەككە فىقھىگە چەكلەپ قويۇش ..119

3.ئاسانلاشتۇرۇش دائىرىسىنىڭ تارلىقى.................. 123

**ئەمەل دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇش**........................ 129

1.خىزمەت دائىرىسىدە دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى ئايرىش.. 130

2.ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىش دائىرىسىنىڭ تارلىقى..... 132

3.غەلىبە سەۋەبلىرىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش..... 133

ئەخلاق دائىرىسىنىڭ تارىيىپ كېتىشى............... 135

ئەزا بولۇش دائىرىسىنى تارايتىۋېتىش.................. 137

1.گۇرۇھ، مەزھەپ ۋە ئېقىم ئەتراپىدا ئايلىنىش.......... 137

2.پرىنسىپنىڭ زىيىنىغا شەخسكە مەركەزلىشىش...... 139

**ئىدىيە ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى**......... 142

1.قۇرئانغا مۇئامىلە قىلىش مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش 143

2.مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ مېتودىنى ئىسلاھ قىلىش.... 148

3.تەپەككۇر مېتودلىرىنى ئىسلاھ قىلىش................ 152

4.شەرىئەتنىڭ ئۇقۇمى بىلەن رېئال ھاياتنى بىرلەشتۇرۇش 157

خاتىمە.............................................. 160

پايدىلانغان كىتابلار.......................... 163

مۇندەرىجە............................................ 165